# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

# 1

# 1989

AltunOq

www.uyghurkitap.com

# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

1989 - يىل 1 - سان ( ئومۇمىي 37 - سان )

باش تەھرىر: چوڭ ھاجى      مۇئاۋىن باش تەھرىر: جاپپار روزى

## مۇندەرىجە

پارتىيىمىز ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى
لازىم ........................................ ھامۇت سابىر 2
يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ ئالاھىدىلىكى ........... يۈسۈپجان ساۋۇت 8
باشقۇرۇش ئىلمىنى ئۆگىنىپ ، باشقۇرۇش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشى-
مىز كېرەك ........................................ چوڭ ھاجى 17
نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ھەققىدە مېنىڭ قاراش-
لىرىم ........................................ كېرىمجان ئابدۇرېھىم 45
فولكلور ئىلمىي ھەققىدە ........................................ ئابلىمىت مۇھەممەت 58
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ھەققىدە...مۇتەللىپ سىدىق 66
يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ........................................ ئىبراھىم نىياز 72
ئېلېكتروننىڭ ئۆزلۈك ئايلىنىشى توغرىسىدا يۈزەكى مۇلاھىزە
........................................ ياڭ روڭفۇ 78
«ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسى» نى ئوقۇتۇش ھەققىدە دەسلەپكى
مۇھاكىمە ........................................ ھەسەن قاسىم 83
ئاتوم فىزىكىسىدىكى كۆرۈۋېلىشقان تۇراقلىق سانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلى-
تىلىشى ........................................ ھېۋزۇللا 90
ماددىلارنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا قىسقىچە
مۇلاھىزىلەر ........................................ غوپۇرجان خۇدابەردى 93
ئامېر كۈچىنىڭ مىكرو مېخانىزمى توغرىسىدا ........................................ خۇ پېڭ 109

# پارتىيىمىز ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى لازىم

**ھامۇت سابىر**

13- قۇرۇلتايدا دوكلاتنىڭ 5-، 6- قىسىملىرىدا 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيە قۇرۇلۇش ئەھۋالى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تەھلىل قىلىنىپ ياخشى تەرەپلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ياخشى بولمىغان تەرەپلەر ئېنىق كۆرسىتىلىپ پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ۋەزىپىسى يەنە بىر قېتىم جىددىي ھالدا پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

دوكلاتتا «ئالدىنقى مەزگىلدىكى پارتىيە قۇرۇلۇش ئەھۋالى خۇلاسە قىلىنىپ 〈مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى〉 نىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن كېيىن مەلۇم بىر مەزگىل ئىچىدە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى مەركەزلىك ئېلىپ بېرىش تامامەن زۆرۈر. ئالدىنقى بىر نەچچە يىللىق پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە ئۇتۇق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھۆكۈمدۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى پارتىيىمىزنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جاپالىق خىزمەتلەر ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن پارتىيە ئىشلىرىدا ۋە دۆلەتنىڭ قىياپىتىدە پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئومۇمىي جەھەتتىن — پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسىتى جەھەتتىن — ئالغاندا پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرىدىغان، ئامما بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلايدىغان، تەنقىد، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرىدىغان ئېسىل ئىستىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە جارى قىلدۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ لۇشيەن ۋە سىياسەتلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندى. پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش مەسىلىسىدىكى كونا ئۇسۇللار يەنى ئاتالمىش «چوڭ پېپەن ئارقىلىق يول ئېچىش»، تۇتقىنغا ۋە لۇشيەنگە كۆتۈرۈش»، «يۇقىرىغا باغلاپ، تۆۋەنگە بىرلەشتۈرۈش» قاتارلىقلار بىكار قىلىنىپ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، پارتىيىلىك كادىر-

لار ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ساداقەتلىك بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى ۋە ئىجادىي كۈچى جارى قىلدۇرۇلدى. پارتىيىمىزنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. بۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى ماھىيەت ۋە ئاساسىي ئېقىم. بۇ تەرەپلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىسە نىشانىدىن ئېزىپ كېتىمىز، ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويىمىز. ئەمما قىسمەن ئىلمىكتىن، كونكرېت مەسىلىلەر جەھەتتىن ئېيتقاندا پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ھەقىقەتەنكى ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان، ئاممىنى نارازى قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ كادىرلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىگىلەش ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا پارتىيىمىز ئىچىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ قويۇپ «سول» چىل ئىدىيە ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئېقىمىغا تۇپراق يارىتىپ بېرىدىغان مۇجمەل تونۇش ۋە خاتا كۆزقاراشلار بار. ئىدىيە جەھەتتىكى قاتماللىقنىڭ تەسىرى يەنىلا ئېغىر. بۇ ئەھۋاللار ئەمەلىيەتتە پارتىيىنىڭ بىرنى مەركەز، ئىككىنى ئاساس قىلىدىغان ئاساسىي لۇشيەنىنى ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلماقتا.

ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى، جۈملىدىن خىزمەت شەكلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتىن ئېيتقاندا مەلۇم جەھەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلاشمايدىغان ئەھۋالى بار. رەھبەرلىك تۈزۈمى جەھەتتىن قارىغاندا ھوقۇق بىرىنچى شۇجىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بىرىنچى شۇجى نەگە بارسا ھوقۇقمۇ شۇنىڭ بىلەن شۇ يەرگە كېتىپ خىزمەتلەر ۋاقتىدا ئىشلەنمەسلىك، مۇئاۋىن شۇجىلەر ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىشلارنىمۇ يۈرەكلىك ئىشلىمەستىن بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ پۈتۈن دىققىتىنى بىلەن ئورۇننى ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىدا بولۇشتەك يامان خاھىش ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۈچىنچى، پارتىيە كادىرلىرىنىڭ ئىستىلى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇلاردىكى بىيۇروكراتلىق ۋە ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك، ساختىپەزلىك، قانۇن ـ تۈزۈمنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئالاھىدە بولۇۋېلىپ ئۆزىنى ئاممىنىڭ ئۈستىگە قويۇشتەك ناچار ئىشلار بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزۇپ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويماقتا.

تۆتىنچى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا خېلى كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي سۈپىتى، ئىدىيىۋى سۈپىتى ئۆلچەمگە توشمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى ياخشى بولمىغان تەرەپلەر بولۇپ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىلى مەسىلىسى ھەممىدىن بۇرۇن جىددىي ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك تۈپ مەسىلىدۇر. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ «پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ئىجتىمائىي

كەيپىياتنى توغرىلاشنىڭ ئاچقۇچى» دەپ كۆرسەتكەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: «ھازىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، سىياسەتلىرى ياخشى بولۇپ كەتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. لېكىن باشقۇرۇش خىزمىتى ۋە باشقا خىزمەتلەردە يوچۇقلارمۇ ئاز ئەمەس. بەزى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىستىللى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتى ھەقىقەتەن بەك يامان. كەيپىياتنى تەرتىپكە سېلىشتا ھەقىقەتەن بەزى كىشىلەرنى پارتىيىدىن چىقىرىش، تازىلاش كېرەك. پارتىيە ئىستىللى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى 10 يىل تىرىشىپ تۇتمىساق بولمايدۇ.» دوكلاتنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت قىسمىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزىنىڭ روھى بايان قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت. «پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى بارلىق خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشىش ئۈچۈن پارتىيە ئۆز قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى لازىم» . بۇ يېتەكچى ئىدىيىدە ئالدى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە بويسۇنۇشى، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشى بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدىن قالسا پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىپىلىرى، پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ يېڭى يوللىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئىزدىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا بۇ جەھەتتە مەن بىرەر پىكىر ۋە كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالمايمەن. لېكىن مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە پارتىيە ئۆز قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پارتىيە ئىستىللى مەسىلىسىنى ھەل قىلمىسا بولمايدۇ. چۈنكى پارتىيە ئىستىللى مەسىلىسى ئاممىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئاممىنىڭ غۇلغۇلىسى ئەڭ كۆپ بولۇۋاتقان، ھەتتا تۈزەتكىلى بولمايدۇ دەپ قارىلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ «ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىللى مەسىلىسى پارتىيىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە.» شۇڭا مەن پەقەت پارتىيە ئىستىللىنى قانداق ياخشىلاش توغرىسىدا ھېس قىلغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ھازىرقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەت پارتىيە ئىستىللى قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ۋەزىپىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرمەكتە. شۇڭا نۆۋەتتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى تىرىشىپ ھەل قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، پارتىيە ئىستىللى جەھەتتە ھازىرقى مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى بىلەن ئاقىۋىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. 13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا پارتىيە ئىستىللىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكى تومتاقلا قويۇلماستىن بەلكى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش تەھلىل قىلىش پوزىتسىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوللىنىلىپ، ياخشى تەرەپلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، ياخشى بولمىغان تەرەپلەر كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپلەر قويۇلغان. ئۇنىڭدا بىر مۇھىم نۇقتىدا پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، پارتىيە ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تايىنىش لازىم دەپ كۆرسىتىلگەن. پارتىيە ئەستىلىدىكى بىيۇروكراتلىق ۋە ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتەك چىرىكلىك ھادىسىلەرگە نىسبەتەن دوكلاتنىڭ بىرىنچى قىسمىدا «پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە كەڭ ئامما قاتتىق نارازى بولماقتا» دېگەن ھۆكۈم، دوكلاتنىڭ 6 – قىسمىدا «كەڭ ئامما كۆپرەك قايناۋاتقان، بەكرەك نارازى بولۇۋاتقان» دېگەن ھۆكۈم قوللىنىلىپ «بۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئېغىر مەسىلە» دەپ كۆرسىتىلىپ «بىز خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئاشۇ ئەھۋاللارنى چوقۇم ئېتىبار بىلەن قاراپ تىرىشىپ تۈگىتىشىمىز لازىم» دېگەن قاتتىق ئىرادە ئىپادىلەنگەن.

ئىككىنچىدىن، پارتىيە قۇرۇلۇش مەسىلىسى بىلەن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە ئەستىل قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشتا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق نەمۇنىچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى يېتەكلەيدىغان كۈچكە ئايلاندۇرۇش لازىم. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى توغرىسىدىكى تەربىيە ۋە تەشۋىقاتقا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى كۈچەيتىپ پارتىيە ئەزالىرىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان، چەتتىن كىرگەن بۇرژۇئا ئىدىيىلىرىنىڭ چىرىتىشىدىن ساقلىنالايدىغان كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، پارتىيە ئەستىلىنى ياخشىلاشتا ئىلگىرىكى كونا ئۇسۇللارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ يېڭى يول، يېڭى ئۇسۇللارنى تېپىپ قوللىنىش لازىم. بۇ يەردە دېيىلگەن كونا ئۇسۇل ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئۈنۈمى ياخشى بولمىغان، قېلىپلىشىپ كەتكەن ئۇسۇللارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: پارتىيە ئىچىدىكى سايلام مەسىلىسىدە ئالدىن نامزات بەلگىلەپ بېرىش، رەھبەرلىك تۈزۈمى مەسىلىسىدە ھوقۇقنى بىرىنچى شۇجىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قويۇق كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرماسلىق قاتارلىقلار ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن كېيىن قالغان كونا ئۇسۇللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 13 – قۇرۇلتاينىڭ سايلام مەسىلىسىدە ئىلگىرىكى كونا ئۇسۇل ئۆز-

گەرتىلىپ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىدىن تارتىپ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىغىچە ئارتۇق نامزات كۆرسىتىپ سايلام ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇلدى. بۇنىڭدىن ۋەكىللەر رازى، پۈتۈن پارتىيە خۇشال بولدى. خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىنكاسلارمۇ ياخشى بولدى.

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى مەسىلىسىدىمۇ شۇنداق ئۆزگەرتىشنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىرىنچى شۇجىنىڭ بەنجاڭلىق ھوقۇقىنى چەكسىز كېڭەيتىشنى تارايتىپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىك ئۇسۇلىنىڭ كونكرېت ھوقۇقىنى كېڭەيتىش لازىم. مۇھىم مەسىلىلەرنى قارار قىلغاندا بىرىنچى شۇجى بىر كىشىلىك ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى، يىغىنغا ياكى دوختۇرخانىغا بېرىپ ياتقاندا ھوقۇقىنى كوللېكتىپقا تاپشۇرۇپ كېتىشى كېرەك.

13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بارماي ئىسلاھات ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا تايىنىشتىن ئىبارەت يېڭى يولدا مېڭىش مەسىلىسى ئالاھىدە تەكىتلەندى. شۇنداقلا يىغىندا يەنە جاۋزىياڭ پارتىيە ئىستىلى، ئىجتىمائىي كەيپىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا يەنىلا يوچۇقلارنى قانداق توشقۇزۇشقا، بۇ يامان نەرسىلەرنى ئۆستۈرىدىغان پارنىك ۋە تۇپراقلارنى قانداق ئازايتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا بىز بۈگۈنكى كۈندە يېڭى كەشنى كېيىۋېلىپ يەنىلا كونا يولدا ماڭماي يېڭى يولدا مېڭىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچىدىن، پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا يەنىلا تەدبىرلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈشكە ۋە ھەر تەرەپتىن تۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. 13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

① قاتتىق چەكلەش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە چەكلەش ۋە نازارەتنى قوبۇل قىلمىسا مۇقەررەر چىرىكلىشىپ كېتىدۇ. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىشتا كۆزدە تۇتۇلغان بىر مۇھىم نۇقتا پارتىيىنى ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى چەكلەيدىغان مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنى ئامما بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە باغلايدىغان، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. مېنىڭچە ئاممىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاممىنىڭ بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدىن يۇقىرىغا يازغان ئەرز - شىكايەتلىرىنى جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا قايتۇرماستىن بەلكى بىر دەرىجىلىك يۇقىرى ئورگان تەكشۈرۈپ ھەل قىلىپ نەتىجىسىنى قايتۇرۇش لازىم. ئاممىنىڭ بىرەر پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرغا قارشى تۇرغانلىقىنى مەركىزىي كومىتېتقا قارشى تۇرغانلىق دەپ قاراشنى بىكار قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇش ياكى بولمىسا يېڭىدىن كۈچلۈك نازارەت قىلىش ئورگىنى قۇرۇش، خاتالىق ئۆتكۈزگەن كادىرلارنى مەتبۇئات، تېلېۋىزور مۇنبەرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاشكارە تەنقىد قىلىش لازىم. ھازىر بەزى سوتسىيالىستىك دۆ-

لەتلەر خاتالىق ئۆتكۈزگەن كادىرلارنى تېلېۋىزوردا تەكشۈرتۈشنى يولغا قويۇپ ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

② پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. پارتىيە ئىنتىزامىنى، خەلق ئىشلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان چىرىك ئۇنسۇرلارغا قاتتىق تازىلاش فاڭجېنىنى قوللىنىش، سەزگەن ھامان بىر تەرەپ قىلىش، قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك تازىلاش لازىم.

③ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك. «پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ كۈچى ۋە رولى ئاساسەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىغا ئەمەس، سۈپىتىگە، پارتىيە لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشتىكى قەتئىيلىكىگە ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىغا بولغان سادىقلىقىغا باغلىق» شۇڭا پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتى بويىچە قاتتىق تەلەپ بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم.

④ مەمۇرىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا تېخىمۇ چىڭ بولۇش كېرەك، 13-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا «پارتىيە – ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغان پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن بولۇپمۇ ئاساسىي رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان پارتىيىلىك كادىرلار ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق قائىدە بەلگىلەش كېرەك» دېيىلگەن. دوكلاتتا يەنە «كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىسىزلەرگە قارىغاندا ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئاڭلىق ھالدا ئۆز مەنپەئەتىدىن تېخىمۇ كۆپ كېچىشى كېرەك. كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن نامىنىڭ شەرەپلىكلىكى ئەنە شۇنىڭدا» دەپ كۆرسىتىلگەن.

⑤ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك ۋە تەلەپنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ ھەقتە دوكلاتتا يەنە «داۋاملىق» مەسىلىسى يەنى تەربىيىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش، نازارەتچىلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىپ تۇرۇش، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ تۇرۇش، ئىنتىزامنى داۋاملىق تەرتىپكە سېلىپ تۇرۇش، چىرىگەن ئۇنسۇرلارنى داۋاملىق تازىلاپ تۇرۇش ۋە ئۆلچەمگە توشمايدىغانلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ تۇرۇش، مۇنەۋۋەرلەرنى پارتىيىگە داۋاملىق قوبۇل قىلىپ تۇرۇش، توغرا ئۇسۇللارنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ناچار كەيپىياتلارنى چەكلەپ تۇرۇش مەسىلىلىرى سۆزلەنگەن بولۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ دائىملىق خىزمىتى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن.

مېنىڭچە نۆۋەتتە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۆت نۇقتا ۋە بەش جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىق پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش تەدبىرى ۋە يەتتە تۈرلۈك دائىملىق خىزمەتلەر ياخشى تۇتۇپ ئىشلەنسە پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىدا سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بارماي ئىسلاھات ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىسلاھ قىلىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

1988 - يىل، ماي قەشقەر.

# يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ ئالاھىدىلىكى

يۈسۈپجان ساۋۇت

بىرلىكسەپ پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ ئەنگۈشتىرىنىڭ بىرىدۇر، ئۇ دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولغان. يېڭى تارىخىي دەۋردە ۋە مۇندىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي دەۋردىمۇ بىرلىكسەپ پارتىيىمىزنىڭ بىر چوڭ ئەنگۈشتىرى بولىدۇ.

بىرلىكسەپ مەسىلىسى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى نەزەرىيە سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ بىرلىكسەپ نەزەرىيىسى مەملىكىتىمىزگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەدبىقلىنىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئۇرغۇتۇلغان تەجرىبىلەر توپلاندى ۋە بىر يۈرۈش مۇكەممەل نەزەرىيە، سىياسەتلەر شەكىللەندۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ئىتتىپاق قىلىشقا ئائىت بىر قاتار زور مەسىلە ئىجادىي يوسۇندا ھەل قىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى شارائىت يارىتىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان بىرلىكسەپ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچتا سانسىزلىغان جاپا-مۇشەققەت ئەگرى - توقاي يوللارنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىسىدا، تەدرىجىي راۋاجلىنىپ زورايغان.

دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدىكى بىرلىكسەپ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىككى قېتىملىق ھەمكارلىشىش، ئىككى قېتىملىق بۆلۈنۈشتەك قاتتىق سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى «سول» دىن ۋە «ئوڭ» دىن كەلگەن بۇزغۇنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە مۇستەھكەملىنىدى ۋە راۋاجلاندى. بولۇپمۇ 1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ بىرلىكسەپى رەسمىي ھالدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىن ئىبارەت شەكىلگە ئايلاندى. ھەمدە ئۇنىڭ دائىمىي كېڭىشىپ پۈتۈن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى، دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. 1957 - يىلدىن كېيىن بىرلىكسەپ بىر مەزگىل «سول» چىللىقنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ 10 يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق مەزگىلىدە لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئېغىر دەرىجىدە

دەپسەندە قىلىنىشىغا ئۇچرىدى. 11 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قالايمىقانچىلىقنىڭ ئوڭشىلىشى ئارقىسىدا پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ خىزمىتى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى، راۋاجلاندى ۋە مۇستەھكەملەندى، تېخىمۇ كېڭەيدى. يېڭى تارىخىي دەۋردە ئېلىمىزنىڭ بىرلىكسەپى يېڭىباشتىن توغرا يولغا چۈشتى ھەمدە نەزەرىيە، ئەمەلىيەت جەھەتتە ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى. ئۇ بۇرۇنقى بىرلىكسەپنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىت ئاستىدىكى داۋاملاشتۇرۇلۇشى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈلۈش، سىياسىي ئاساس جەھەتلەردە، ھەمدە ئۆز ئۈستىگە ئالغان تارىخىي ۋەزىپە ۋە سىياسەتلەردە زور ئۆزگىرىشلەر ۋە بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەر بارلىققا كەلدى. تۆۋەندە بىز بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ۋە ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

**1. يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپ سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كەڭ سىياسىي ئىتتىپاقلىقتۇر.**

ئىنقىلابنىڭ ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە پارتىيىمىز ھەل قىلغان ئاساسىي زىددىيەت ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بىرلىكسەپنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلۈشىمۇ ئوخشاش بولمىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە بىرلىكسەپنىڭ ئىككى ئىتتىپاقلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى يەنى ① پرولېتارىيات سىنىپى بىلەن دېھقانلار ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى. ② ئەمگەكچى خەلق بىلەن غەيرىي ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇھىمى مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

پارتىيىنىڭ 11 ــ نۆۋەتلىك 3 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپ ــ ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلغان، ئىشچى ــ دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان پۈتۈن سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇلار تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنى ھەمدە چەتئەلدىكى مۇھاجىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپتۇر.

يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلۈشى بۇرۇنقى بىرلىكسەپنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلۈشىگە سېلىشتۇرغاندا زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

(1) يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپتە بۇرۇنقى ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى تەرەققىي قىلىپ سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنى ئاساس گەۋدە قىلغان سىياسىي ئىتتىپاقلىققا ئايلاندى.

جۇڭگودا ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئېكسپلاتاتورلار سىنىپى يوقىتىلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بولۇپمۇ 11 ــ نۆۋەتلىك 3 ــ

ئۇمۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پارتىيىسى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ زورايدى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى رەھبەرلىك ئورنىنى كۈچەيدى. دېھقانلار ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلەردىن ئۆزگىرىپ، سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ دېھقانلارغا ئايلاندى. زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلار ئىشچىلار، دېھقانلارغا ئوخشاشلا سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ تايانچ كۈچىگە ئايلاندى. مىللىي بۇرژۇئازىيە سىنىپى سىنىپ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلىدىكى سودا-سانائەتچىلەردىن سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سىياسىي كۈچ بولۇپ قالدى. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر سوتسىيالىزمدا مېڭىپ يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىكسەپ رەھبەرلىك كۈچى ۋە ئاساسىي كۈچىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى، بىرلىكسەپنىڭ سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان سىياسىي ئىتتىپاقلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ — يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق گەۋدىسىدۇر.

(2) يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپ پۈتۈن سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلاردىن باشقا يەنە ئون جەھەتتىكى زاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ① دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار، ② پارتىيەسىز دېموكراتىك زاتلار، ③ پارتىيىسىز زىيالىيلار، ④ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تەسلىم بولغان ئەسلىدىكى گومىنداڭ مەمۇرىي خادىملىرى، ⑤ ئەسلىدىكى سودا-سانائەتچىلەر، ⑥ ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى، ⑦ ۋەتەننى سۆيىدىغان دىنىي زاتلار، ⑧ تەيۋەنگە كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە تۇغقانلىرى، ⑨ شياڭگاڭ-ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر قېرىنداشلار ۋە چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان مۇھاجىر قېرىنداشلار، ⑩ يەككە سودا-سانائەتچىلەر. ستاتىستىكىغا قارىغاندا بۇ خىلدىكى زاتلار 100 مىليون كىشىدىن ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ $\frac{1}{10}$ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ بىر ناھايىتى زور قوشۇندۇر. ئۇلار ماھارەت، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىگە ۋە كەڭ دائىرىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئىگە ۋە دۆلەت ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان كۈچلۈك ئارزۇسى بار. شۇڭا-ئۇلار ئىنتايىن مۇھىم بىر كۈچ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، سىياسىي ئىشلىرى ۋە دېپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يەنە تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاكتىپ ئا-

www.uyghurkitap.com

مىللار ئۆزلۈكسىز ھالدا بىرلىكسەپكە توپلىنىشى مۇمكىن. پەقەت ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى قۇۋۋەتلىسىلا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قۇۋۋەتلىمىسىمۇ، يەنىلا ئىتتىپاق قىلىشىمىز، گومىنداڭ دائىرىلىرى پەقەت بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىسىلا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بىرلەشسىلا 3-قېتىملىق ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپ مىسلىسىز كەڭ بىرلىكسەپتۇر.

## 2. يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ سىياسىي ئاساسى — سوتسىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر.

ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە بىرلىكسەپنىڭ سىياسىي ئاساسى ئوخشاش بولمايدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە بىرلىكسەپنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ سىياسىي ئاساسى يېڭى دېموكراتىزم، شۇنداقلا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو قەدەممۇقەدەم يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان دەۋرگە قەدەم قويدى.

بۇ مەزگىلدىكى يېڭى بىرلىكسەپنىڭ ۋەزىپىسى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ئۇزۇل-كېسىل ئورۇنلاش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي ئاساسى يېڭى دېموكراتىزم، شۇنداقلا سوتسىيالىزم ھەمدە قەدەممۇقەدەم يېڭى دېموكراتىزمنى سوتسىيالىزمغا بۇراشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن بىرلىكسەپنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي ئاساسى كۈچەيدى ۋە مۇستەھكەملەندى. يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى بىرلىكسەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سوتسىيالىستىك بىرلىك مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچەيدى. چۈنكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئەزالار سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ۋە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە ئاساسىي ئارزۇسى جۇڭگونى زامانىۋىلاشقان يۈكسەك مەدەنىيەتلىك ئىگە، يۈكسەك دېموكراتىيىلەشكەن سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ سىياسىي ئاساسى سوتسىيالىزمدۇر، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ سىياسىي ئاساسى پەقەت سوتسىيالىزم بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپ مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان. سوتسىيالىستىك جۇڭگودا بىز دەۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك ماھىيەتتە سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەرلىك-

تۇر، بۈگۈنكى كۈندىكى «ۋەتەننى سۆيۈش» دېگەنلىكتۇر، سوتسىيالىستىك جۇڭگونى سۆيۈش دېگەنلىكتۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى ئاستىدا تېخىمۇ كەڭ تۈردە باشقا سىنىپ، قاتلاملاردىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، شياڭگاڭ – ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە دۆلەت سىرتىدىكى مۇھاجىرلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدۇ. بارلىق ۋەتەننى سۆيىدىغان كىشىلەرگە قارىتا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوللىمىسىمۇ پەقەت ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلسىلا، ۋەتەننىڭ قۇدرەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلسىلا بىز چوقۇم ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق ھالدا جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم.

**3. يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پارتىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر.**

بىرلىكسەپ ئەزەلدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش لۇشيەن، باش سىياسەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى.

80- يىللاردىن 90- يىللارغا قەدەر پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەيۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت. بۇ — دەۋر بىزگە يۈكلىگەن شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىدۇر.

1956- يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغاندىن كېيىن، پارتىيە 8- قۇرۇلتىيىدا تەنتەنىلىك بىلەن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا يۆتكەلگەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە خىزمەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنىڭ بۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ بىرلىكسەپنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىمۇ سىنىپىي كۈرەش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۆتۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تارىخىي بۇرۇلۇشقا قەدەم قويغانىدى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغاندىن كېيىن دۆلىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن – كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى. بۇ پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىلىشىنى تەلەپ قىلدى. پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنىڭ تەركىبىي قىسمى



Altun Oq

بولغان بىرلىكسەپنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يۆتكىلىشى لازىم بولدى.

بىرلىكسەپ ئۇستقۇرۇلما كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. 1956 - يىلى جۇ ئېنلەي مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىز خەلق دېموكراتىيە بىرلىكسەپى پەقەت سوتسىيالىزمنى ئۆزگەرتىشلا ئېلىپ بارىدۇ دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. ئۇنىڭ رولى سوتسىيالىزمنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئىپادىلىنىپ قالماستىن بەلكى سوتسىيالىزمنى قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بىز قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم».

ئەپسۇسكى 8 - قۇرۇلتايدىن كېيىن پارتىيە ئىچىدە «سول» خاھىشنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كاساپىتى بىلەن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى سوتسىيالىزمنى قۇرۇلۇش بولماي قالدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقالغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پارتىيىمىز 1978 - يىلى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىن ئارقىلىق «سول» چىل خاتالىققا خاتىمە بېرىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى يېڭىباشتىن ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ھەمدە پارتىيىمىزنىڭ 80 -، 90 - يىللاردىكى ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشان بولۇپ، ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر. بۇ پارتىيىمىزدىن كەڭ خەلق ئاممىسىنى بىرلىكسەپ ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۆزلۈكسىز ھالدا ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار بىلەن ئىتتىپاق قىلىشىش، ھەمكارلىشىشنى، راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە تىرىشىپ سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىزنى، بۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى جەھەتتىكى زاتلارنىڭ ئەقىل - ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئاكتىپ جەلپ قىلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ئىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن يېڭى دەۋردە بىرلىكسەپنىڭ ۋەزىپىسى پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالدى دەيمىز.

### 4. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ تۈپ سىياسىتىدۇر.

بىرلىكسەپ بىر خىل كەڭ كۆلەملىك ئىتتىپاقلىق بىلەن زىددىيەتنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈنگەۋدە.

بىرلىكسەپنىڭ ئىچىدە ھەر خىل زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. پەقەت بۇ خىل زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلغاندىلا ئاندىن بىرلىكسەپنى مۇستەھ-

كەملىگەنلىكى بولىدۇ. ئىنقىلاب تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرى ۋە دە-ۋرلىرىدە سىنىپلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن بىرلىكسەپنىڭ ئىچكى قىس-مىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش پرىنسىپى، ئۇسۇلى بۈتۈنلەي ئوخشاش بولماي-دۇ. بىز بىرلىكسەپ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان مۇھىم ئالاھى-دىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. يېقىنقى تارىخىي دەۋردە بىرلىكسەپنىڭ ئىچ-كى قىسمىدىكى ھەر قايسى ئەزالارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغانلىقى، شۇن-داقلا ھەر قايسىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىت ۋە رېئال شارائىتتا شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولغانلىقتىن يا بۇنداق ياكى ئۇنداق زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ خىل زىددىيەتلەر تۈپ مەنپەئەت ۋە سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بىرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان زىددىيەت بولغانلىقتىن، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىشنى ئاساسلىق تېما قى-لىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەنقىد، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر-لىكسەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكسەپتە بەلگىلىك دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سىنىپىي كۈ-رەشنىڭ ئىنكاسىغا قارىتا بىز ھوشيارلىقىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، تەشكىلىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

ھەر خىل دېموكراتىك پارتىيىلەر ۋە ھەر قايسى قاتلام ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بى-لەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا پارتىيىمىز ئۇزۇنغىچە بىللە ياشاپ، ئۆزئارا نازارەت قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش دېگەن يېڭى مەزمۇننى قوشتى. بۇ نى— جۇڭگونىڭ تارىخىي شارائىتى ۋە رېئال شەرت - شارائىتى بەلگىلىگەن.

ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار بىلەن كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش — پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل فاڭجېنى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ سىياسىي تۈ-زۈمىنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىدۇر. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «دۆلەت ئىشى بولسا دۆلەتنىڭ ئو-مۇمىي ئىشى. دۆلەت ئىشلىرى بولسا بىر پارتىيە ۋە بىر گۇرۇھنىڭ ئايرىم ئى-شى بولماي، بەلكى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىشىدۇر». ھازىر ھەر قايسى پارتىيە گۇرۇھ-لارنىڭ ھەر قايسى مۇناسىۋەت ئورناتقان بىر قىسىم سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ۋە سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقى بولسا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سىياسىي كۈچتۇر. دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى بىر قىسىم كىشىلەر ئىشچىلار سى-نىپىنىڭ زىيالىيلىرى بولۇپ ئىشچىلار، دېھقانلارغا ئوخشاشلا دۆلىتىمىزنىڭ تايانچ كۈچىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە دېموكراتىك پارتىيىلەرنىڭ خاراكتېرىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولغان. ئىجتىمائىي ئاساستا يېڭىچە ئىلگىرىلەش ۋە ئۆزگىرىشلەر بولغان ئەھۋال

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاستىدا، دېموكراتىك پارتىيىلەر بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە «غەلىبە قىلسا ئورتاق خۇشاللىنىدىغان، مەغلۇپ بولسا ئورتاق قايغۇرىدىغان بولدى» كۈرەش نىشانى ئوخشاش، تۈپ مەنپەئەت بىردەك بولۇپ قالدى. يېڭى تارىخىي دەۋردە ئۇزۇنغىچە بىللە ياشاش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ «ئۆزئاراسەمىمىي مۇئامىلە قىلىش، ھالاۋەتتىمۇ، جاپادىمۇ تەڭ كۆرۈش» كە ئەمەل قىلىپ، پارتىيىمىز دېموكراتىك زاتلار، ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى شۇنداقلا دىنىي ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن ھەقىقىي تۈردە ھەمكارلىشىش، ئۇلارغا سىياسىي جەھەتتە تولۇق ئىشىنىش، ئىدىيە جەھەتتە دائىم پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، خىزمەت جەھەتتە يۆلەكلىك بولۇپ، تۇرمۇش جەھەتتە قىزغىن غەمخورلۇق قىلىشىمىز لازىم.

ھەرقايسى دېموكراتىك زاتلارغا ئاساسىي قانۇن دائىرىسىدىكى سىياسىي ئەركىنلىكى، تەشكىلىي مۇستەقىللىق ۋە قانۇن جەھەتتە باراۋەرلىك ئاساسىدا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل خىزمەت ئىشلەپ بېرىشىنى قوللاش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بويىچە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار، پارتىيە گۇرۇھسىز زاتلار، باشقا ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن ئۆزئارا نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپ تەنقىدلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشىمىز لازىم.

جۇڭگونىڭ بىرلىكسەپ قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. ئۇ ئىلگىرىكى بىرلىكسەپنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى بىۋاسىتە داۋامى ۋە راۋاجلىنىشى، شۇنداقلا ئىلگىرىكى بىرلىكسەپتىن پەرقلىق بولۇپ ئۆزىگە خاس يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئاڭلىق ھالدا بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى تەتقىق قىلىپ، بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بىرلىكسەپنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ئىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشىدىغان قىلغىلى بولىدۇ. جۇڭگودا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قازانغانلىقى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپلار ئەھۋالىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۈچۈن يېڭى تارىخىي دەۋردىكى بىرلىكسەپ بارلىق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچى خەلقنى ھەمدە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن، جۇملىدىن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلاردىن تەركىب تاپقان ئەڭ كەڭ بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسېپى بولۇپ قالدى. يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى جۇڭگونى زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ۋە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ھازىرقى بىرلىكسەپ بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلقئارا زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، ئۈچ چوڭ ۋەزىپە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە

سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ سىياسىي ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانى، سىياسىي ئاساسىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ تۈپ خاراكتېرى — سوتسىيالىزم خاراكتېرىدىن ئىبارەت.

بىرلىكسەپ ئەزەلدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. يېڭى تارىخىي شەرت — شارائىتتا ئۇ تېخىمۇ كەڭ بولغان سىنىپلار، تەبىقىلەر، ۋەتەننى سۆيىدىغان بارلىق كىشىلەرنى تېخىمۇ كەڭ تۈردە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشانىنى ئورۇنلاش يولىدا بىرلىككە كۈچ چىقىرىدىغان قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق ۋەتەنپەرلىكنىڭ سىياسىي ئاساسى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللىك مۇھاجىر قېرىنداشلاردىن سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ساقلاش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە خەلقنى بەخت-سائادەتكە ئىگە قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۇلار بىلەن بىرلىككە كېلىش مۇمكىن. ۋەتەننى سۆيىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ياقلايدىغان ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگوغا قارشى تۇرمايدىغان كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاق قىلىشىمىز زۆرۈر.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپنى توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى ئەنە شۇدۇر.

يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپ ئېيتىمىزدىكى ئىلگىرىدىكى بىرلىكسەپنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن تەرەققىياتتۇر. بىز يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەيمىز، راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ بىرلىكسەپ توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ۋە سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جۇڭگو بىرلىكسەپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز ھەمدە ئۇنى يېڭى دەۋرنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېڭى تارىخىي شارائىتتا قاراپ چانلىق تەدبىق قىلىپ يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشتا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

1987 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# باشقۇرۇش ئىلمىنى ئۆگىنىپ باشقۇرۇش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك

چوڭ ھاجى

ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇش ئىلمىي — باشقۇرۇش ئىلمىي ۋە مائارىپ ئىلمىنىڭ بىر تارمىقىدۇر. ئۇ ئالىي مائارىپنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەمەلىي پەن. كونكرېت ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇش ئىلمىي— دۆلەتنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى يېتەكچى ئىدىيىسى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تۈزۈلمىسى، تەشكىلىي، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرىي كادىرلىرى، ئوقۇش – ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، كىتاب – ماتېرىيال، ئاخبارات، تەنتەربىيە، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، ئارقا سەپ تەمىنات، ئاساسىي قۇرۇلۇش، تازىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ماقالىدا مەن ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇش ئىلمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى، باشقۇرۇش ئىلمىنىڭ مەنىسى، فۇنكسىيىسى، مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ پرىنسىپلىرى ھەققىدە ئۆزەمنىڭ يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1

پارتىيىنىڭ 13 – قۇرۇلتىيى: «تېگى تەكتىدىن ئالغاندا، پەن – تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، ئەمگەكچىلەر سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە نۇرغۇنلىغان لاياقەتلىك ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ يېتىلىشىگە باغلىق. ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ئاساسىي — مائارىپ. مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قەتئىي ئېغىشماي، ئالاھىدە ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى كۈچەيتىش كېرەك.» «زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل، ئىقتىسادىمىزنىڭ يېڭى يۈكسىلىش باسقۇچىغا ئۆتۈشىگە ئىمكان بېرىدىغان ئاساسىي تۈرتكە» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىككى ئابزاس سۆز بىزگە مائارىپ، پەن-تېخنىكا ۋە باشقۇرۇشنىڭ ئورگانىك باغلىنىشىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى زامانىۋى باشقۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتىكى رولىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.



AltunOq

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ھازىرقى دەۋردىكى يېڭى ۋەزىيەتتە مائارىپنى جۈملىدىن ئالىي مائارىپنى — ئالىي مەكتەپنى باشقۇرۇش ئىلمىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، باشقۇرۇش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشتا چوڭقۇر نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى مۇھىم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش. تۆۋەندە بىز بۇنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە بىرقانچە تەرەپتىن بىر قەدەر تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى: ئالىي مائارىپنىڭ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدىكى رولى ۋە مۇھىم ئورنى ئۇنى باشقۇرۇشنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. مائارىپ ئىنسانىيەتكە خاس ئىجتىمائىي ھادىسە، ئادەم تەربىيىلەيدىغان پائالىيەت. مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا پەيدا بولغان، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە مەنسۇپ، بەلكى ئۇ ئەڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇئەييەن خاراكتېردىكى مائارىپ مۇئەييەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە مۇئەييەن سىياسىي ئىقتىساد ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، مۇئەييەن سىياسىي ئىقتىسادقا نىسبەتەن زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مائارىپنىڭ سىياسىي ئىقتىسادقا بولغان تەسىرى ۋە رولى ئاساسەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلار ئومۇمەن مائارىپتىن پايدىلىنىپ ئۆزى ئۈچۈن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېھتىياجلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ. تەربىيىلىنىگۈچىلەردىن ئۆزلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىدىيە ۋە بىلىم ماھارىتىنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىنى مۇستەھكەملەيدۇ، راۋاجلاندۇرىدۇ. مائارىپ مۇشۇنداق مۇھىم رولغا ئىگە بولغانلىقتىن تارىختىكى ھۆكۈمران سىنىپلار مائارىپتىن ئىبارەت بۇ قورالنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان.

لېنىن: «... چۈشىنىش زۆرۈركى، پەقەت ھازىرقى زامان تەلىم تەربىيىسىنى ئالغاندىلا ئاندىن ئۇلار كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى قۇرالايدۇ. ئەگەر مۇنداق تەربىيىنى ئالمىغاندا كوممۇنىزم يەنىلا بىر ئارزۇدىن ئىبارەت بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ، خالاس» دەپ كۆرسەتكەنىدى. («لېنىن تاللانما ئەسەرلەر توپلىمى» خەنزۇچە 4- توم 350- بەت) ئۆتكەندە دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئىلغار ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالغانىدى. لېكىن بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. ھەتتا بەزى قىممەت باھالىق ئىلغار ئۈسكۈنىلەر زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى: ماشىنىلاردا ھازىرقى زامان مائارىپىدا تەربىيە ئالغان ئىشچىلار مەشغۇلات ئېلىپ بارمىغان. مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن تېخنىك خادىملار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقۇرغۇچى خادىملار يېتەكچىلىك قىلىشقا نالايىقلىقىدىن ئىبارەت. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، تەلىم - تەربىيە ئالمىغان، پەن - تېخنىكا ئىگىلىمىگەن ئادەملەر زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتەلمەيدۇ، ئىلغار تېخنىكىدىن پايدىلىنالمايدۇ، زامانىۋى ئىلمىي باشقۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. تەبىئىيكى، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ياپونىيىدە 60 - يىللاردىلا بەزى ئادەملەر: «دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي رىقابەت - تېخنىكا رىقابىتىدىن ئىبارەت. تېخنىكا رىقابىتى مائارىپ رىقابىتىدىن ئىبارەت» دېيىشكەن ئىدى. مائارىپ رىقابىتى ئاساسەن ئالىي مائارىپتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئالىي مائارىپ — مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مائارىپنىڭ زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىكى رولىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئالىي مائارىپ سەۋىيىسى بەلگىلەيدۇ.

ئالىي مائارىپنىڭ ياخشى باشقۇرۇلۇشى — پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرىدىكى يادرولۇق مەسىلىدۇر. ئالىي مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆپ تەرەپتىن كۆرۈلىدۇ.

1. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رولى. مائارىپنىڭ ئاساسىي رولى ئەختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەمگەك كۈچىدىن ئىبارەت ئادەم — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ جانلىق ئامىلدۇر. دېمەك، مائارىپ ئەمگەك كۈچلىرىنى قايتا ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم ۋاستىلارنىڭ بىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ماركس: «ئادەمنىڭ ئادەتتىكى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇ، بەلگىلىك تارماقنىڭ ئەمگەك قابىلىيىتى ماھارىتىنى ئىگەللىشى، تەرەققىي قىلغان، مەخسۇسلاشقان ئەمگەك كۈچى بولۇش ئۈچۈن مەلۇم مائارىپ تەربىيىسىنى كۆرۈشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. مائارىپ ئارقىلىق كىشىلەر بەلگىلىك پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىنى، ئەمگەك تېخنىكىسىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. يەنى ئىلىم - پەن ئىگىلەش ئىمكانىيىتى بولغان، ئەمما تېخى ئىگىلىمىگەن ئەمگەك كۈچلىرىنى، ئىلىم-پەننى ئىگىلىگەن رېئال ئەمگەك كۈچلىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئەمگەك كۈچلىرىگە بەلگىلىك جىسمانىي ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى بولۇش تەلەپ قويۇلۇپلا قالماستىن بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئەقلىي ئەمگەك ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەقلىي ئەمگەك ئىقتىدارىغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ بارغانسېرى ئۆسۈپ بارىدۇ. سانائەتتە تېخنىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان ئەھۋال ئاستىدا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەكنىڭ سەرپ بولۇش نىسبىتى تەخمىنەن 1 : 9 بولىدۇ. ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى ئوتتۇرا ھال بولغاندا بۇ نىسبەت 6:4 بولىدۇ. ئەگەر دە ئومۇميۈزلۈك ئاپتوماتلاش-

قان بولسا بۇ نىسبەت 1:9 بولىدۇ. چەت ئەللىك ئىقتىسادشۇناسلار كۆپ ساندىكى ئىشچىلارنىڭ تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەنلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى تەربىيە كۆرمىگەنلەرگە قارىغاندا 50% ئەتراپىدا يۇقىرى بولىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسى ئالغانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ئومۇمەن بىر ھەسسە ئەتراپىدا يۇقىرى بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى ئالغانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ئۈچ ھەسسە ئەتراپىدا يۇقىرى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەت ئارقىلىق كىشىلەر تونۇپ يەتتىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرق ئەمەلىيەتتە ئىلىم - پەن جەھەتتىكى پەرق، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مائارىپ جەھەتتىكى، ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىكى پەرقتۇر. ئىلغار ئۈسكۈنە، زامانىۋى تېخنىكىنى سىرتتىن ئېلىپ كىرىشكە بولىدۇ، لېكىن ئۇنى ئادەم ئىگىلەپ ئىشلىتىشى لازىمدۇر.

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۆزىمىز مائارىپ ئارقىلىق يېتىشتۈرىمىز. سىرتتىن ئېلىپ كىرىشكە بولمايدۇ. ياپونىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى فۇتيەن چياۋفۇ: «بايلىقى ئاز بولغان دۆلىتىمىز نۇرغۇن سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدە ھازىرقى ياپونىيىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭغا دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ سەۋىيىسى بىلەن مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۆسكەنلىكى سەۋەب بولدى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ تەجرىبىنى ئەينەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئالىي مائارىپ يالغۇز مەشغۇلات ئېلىپ بارغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى پەن - تەتقىقات خادىملىرى، ئىختىرا قىلغۇچى، كەشىپ قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا، باشقۇرۇش ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى رولىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدى. ھازىر بۇ ئىشقا ئىقتىسادىي ئىشلارنى، كارخانا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇۋاتقانلار ئالاھىدە دىققەت قىلماقتا. رەھبىرىي كادىرلار، تېخنىك كادىرلار قوشۇنى ئىچىدە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر، مەخسۇس تەربىيە كۆرگەنلەر كۆپرەك بولغان، بىلىم قۇرۇلمىسى، ياش قۇرۇلمىسى ياخشىراق بولغان كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشى، ئىدىيىۋى خىزمىتى ئىشلەپچىقىرىشقا ئورگانىك ھالدا باغلىنىشى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولماقتا. دېمەك، ئالىي مەكتەپنى باشقۇرۇش ئىلمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى، زۆرۈرلىكىنى ئۇنىڭ دۆلەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى بەلگىلىگەن.

2. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى رولى. 13 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا «ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «مەنىۋى مەدەنىيەت دېگەن يالغۇز مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت (بۇ پۈتۈنلەي زۆرۈر) نى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى كوممۇنىزملىق ئىدىيە، غايە، ئېتىقاد، ئەخلاق، ئىنتىزام، ئىنقىلابىي مەيدان،

www.uyghurkitap.com

پىرىنسىپ ۋە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى يولداشلارچە دوستلۇق قاتارلىقلارنى كۆرسەتتىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ بىزگە مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى، مائارىپنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتىكى رولى ۋە ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مائارىپنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتىكى مۇھىملىقى ئالىي مائارىپ باشقۇرۇش ئىلمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن يەنە بىر مۇھىم ھالقا. مائارىپنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولى — مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش قاتارلىق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپلەر دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يەردە زىيالىيلار مەركەزلەشكەن. ئۇلار قەدىمكى زاماننى، ھازىرقى زاماننى، دۆلىتىمىزنى ۋە چەتئەللەرنى كۆپرەك بىلىدۇ. نەزەر دائىرىسى كەڭ، غايىسى باي، كۆپ ئويلايدۇ، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ.

پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئالدىنقى شەرتى. ئالىي مەكتەپلەر جەمئىيەتتە پەن-مەدەنىيەت تارقىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە پەۋقۇلئاددە رول ئوينايدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان مىليونلىغان زىيالىيلار جايلاردا، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا، زاۋۇت، كان، كارخانىلاردا كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى، ئىدىيىۋى قىياپىتى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئۆزىگىچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ سىفەن مائارىپى — پۈتكۈل ئىجتىمائىي مائارىپنىڭ ئانا ماشىنىسى. ئالىي مائارىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا ئالىي مەكتەپلەردىن كېلىدۇ. چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بولۇشى كېرەك دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ بىر يۈزلىنىش. باشقا دۆلەتلەرمۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ يېتىشىش ئەھۋالىغا ئەگىشىپ مۇشۇنداق بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىشى مۇمكىن.

3. ئالىي مەكتەپلەر ھەم ئوقۇتۇش مەركىزى ھەم ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرىدىغان مۇھىم بىر قوشۇندۇر. ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشى دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈنلەي زۆرۈر. چۈنكى كىتابتىكى بىلىملەر تۈنۈگۈن-

كى ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى، بۈگۈنكى ئىلمىي تەتقىقات ئەتىكى دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپلەردە ئىختىساس ئىگىلىرى بىر قەدەر مەر- كەزلەشكەن، كەسپىي پەنلىرى، كىتاب ماتېرىيال، ئاخبارات ئۇچۇرلىرى بىر قەدەر تولۇق، تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشتا ئەۋزەل شەرت-شارائىتقا ئىگە.

چەت ئەللەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1775 - يىلى فرانسىيە پارىژ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى فرانسىيە ئىنستىتۇتى ھوزۇرىدىكى بىر ئورۇن قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن فرانسىيىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئا- لىي مەكتەپكە مەركەزلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «كۆپ رولluq ھۈنەر - سەن- ئەت ئىنستىتۇتى» قۇرۇپ، ئۇنى ئەينى چاغدىكى فرانسىيىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ۋەما- ئارىپ مەركىزىگە ئايلاندۇردى. فرانسىيىنىڭ بۇ ئىجادىيىتى ئەينى ۋاقىتتا فـران- سىيىنىڭ ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا جەھەتتىن دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈشى- دە مۇھىم رول ئوينىدى. فرانسىيىنىڭ 1973-يىلىدىكى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، فرانسىيىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات مەركىزىدە 1135 تەتقىقات ئورنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن 819 ى ئالىي مەكتەپلەردە ئىكەن. بۇ ئومۇمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ 72 پىرسەن- تىنى ئىگىلەيدۇ.

فرانسىيە ئاتوم ئېنېرگىيە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئە- مەلدارى: «پەقەت پارىژدىكى 13 ئالىي مەكتەپنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان كىشى فرانسىيىنىڭ فىزىكا ئىلمىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن كەلگۈسىنى بىر قاراپلا بىلىپ ئالالايدۇ» دېگەن. گېرمانىيە 1809 - يىلى بېرلىن ئۇنى- ۋېرسىتېتىنى تەشكىل قىلغاندىن بۇيان «تەتقىقات بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلىككە كەلتۈ- رۈش» پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەتقىقات ئارقىلىق تەربىيىلەش گېرمانىيىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ياش ئالىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئەنئەنىسىگە ئاي- لاندى. بۇ گېرمانىيىنىڭ پۈتكۈل ئالىي مائارىپىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشى- ھەمدە گېرمانىيىنى بىر مەھەل دۇنيا بويىچە پەن - تېخنىكا مەركىزىگە ئايلاندۇردى. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر مەملىكەت بويىچە ئاساسىي تەتقىقات ۋەزىپىسىنىڭ 60 پىرسەنتىنى، ياپونىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەر 57.7 پىرسەنتىنى ئورۇنلايدۇ (بۇ 1979 - يىلىدىكى نىسبەت). سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھازىر مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن بىر مىليون 350 مىڭ ئىلىم - پەن خادىملىرى بار. بۇنىڭ 440 مىڭى ئالىي مەكتەپ- لەردە بولۇپ، بۇ پۈتۈن ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنىڭ 80 پىرسەنتى ئالىي مەكتەپلەرگە مەركەزلەشكەن. بۇلاردىن ھەر قايسى ئەللەردىكى ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدىكى كۈچىنىڭ قۇدرەتلىك رولىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق. جۇڭگودا پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقراقى ئالىي مەك-



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەپلەرگە مەركەزلەشكەن، ئالىي مەكتەپلەر ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور تۆھپە قوشتى. قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىشتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسى بار. يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، قوزغىتىلغان نۇر قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ئالىي مەكتەپلەر سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى نەتىجىسى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. ھەر خىل قورال - كىتابلارنى يېزىش - تۈزۈشتە، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ھەسسە قوشتى. بۇندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ھالدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن تەتقىقات جەھەتتىكى رولىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققىلى، مەلۇم مەبلەغ بىلەن ھەم ئادەم تەربىيىلەش مەقسىتىگە ھەم پەن تەتقىقات نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

4. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ مۇھىم كېلىش مەنبەسى. بۇ ھازىرقى زاماندىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. ئەنگلىيىنىڭ 1977-يىلىدىكى تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېت، ھەر قايسى مىنىستىرلىكلەردىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ 70 پىرسەنتى، دىپلوماتىك ئەمەلدارلارنىڭ 75 پىرسەنتى، ئالىي دەرىجىلىك سوت ئەمەلدارلىرىنىڭ 85 پىرسەنتى، چوڭ بانكىرلارنىڭ 58 پىرسەنتى، ئەنگلىيىدىكى ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېت — ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىكەن. رۇمىنىيىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدىكى ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغانلار 1975-يىلىلا 81 پىرسەنتكە يەتكەن. ۋېنگرىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى دەرىجىلىك رەھبىرىي خىزمەت ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەنلەر 70-يىللارنىڭ بېشىدىلا 90 پىرسەنتكە يەتكەن. بۇلاردىن ھەر قايسى ئەللەرنىڭ كادىر يېتىشتۈرۈشتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئالاھىدە رول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق. پارتىيىمىز ئەزەلدىن كادىر تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش، ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدىن تارتىپلا، پارتىيە مەكتىپى، كادىرلار مەكتىپى ۋە ھەر خىل كۇرسلار ئارقىلىق كادىر تەربىيىلەپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. پارتىيىمىز زىيالىيلارنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش، زىيالىيلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، بىلىمنى، بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەشنى تەكىتلىدى ھەمدە پۈتۈن كادىرلار ئالدىغا ئىنقىلابىيلىشىش، ياشلىشىش، بىلىم ئەھلىگە، كەسپىي ئەھلىگە ئايلىنىش تەلىپىنى قويدى. مۇشۇ تەلەپ-

گە ئۇيغۇن كېلىدىغان زىيالىيلارنى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە يۆرەكلىك ھالدا كۆتۈردى. ھازىر پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنىڭ نىسبىتى كۈندىن-كۈنگە ئۆسمەكتە. بۇلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كىرىشى پارتىيە-ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ھاياتى كۈچىنى جانلاندۇرماقتا.

يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن پارتىيىمىزنىڭ 13-قۇرۇلتىيى ئېلىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاساسىي لۇشيەننى يەنە بىر قېتىم شەرھلەپ «مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش» دەپ كۆرسەتتى. سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل. كادىرلار قوشۇنىنى سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغان بولۇشى ياكى ئۇيغۇنلىشالمايدىغانلىقى — سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشتۇر. شۇڭا پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلار تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە. بىر تەرەپتىن تۆتلەشتۈرۈش تەلىپى بويىچە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنى كۆتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن كادىرلار مائارىپىنى كۈچەيتىپ، ئۈزلۈكسىز تەربىيىنى يولغا قويدى. ھازىر مەملىكەت بويىچە 2600 دىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، 3100 دىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك كادىرلار مەكتىپى بار. بۇ مەكتەپلەردە كادىرلارغا سىياسىي نەزەرىيە، كەسپىي تەربىيە ئېلىپ بارغاندىن باشقا يەنە ھەر خىل تىپتىكى ئالىي مەكتەپلەردە باشقۇرۇش، بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرىنى ئېچىپ تەربىيىلىمەكتە. پارتىيىمىز ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئوقۇش تارىخى بولۇش تەلىپىنى قويدى. ئۆز كەسپىي دائىرىسىدە داۋاملىق بىلىمىنى يېڭىلاپ تۇرۇشتىن سىرت، يەنە رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەر ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغان ئورتاق ئىلىملەرنى — ئىقتىساد ئىلمى، باشقۇرۇش ئىلمى، رەھبەرلىك ئىلمى، قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئىلگىرىلىشى مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكىغا، رەھبىرىي كادىرلار ۋە باشقۇرغۇچىلارغا تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ چوڭ-

قۇر تەلەپ قويىدۇ. تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كادىر تەربىيلەش جەھەتتىكى رولى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

5. مەسلىھەت بېرىش رولى. ھازىرقى زاماندا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى چوڭىيىپ، ئەھۋال مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقتىن ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلار، ھەل قىلغۇچى تەدبىرلەرنى تۈزگۈچى تارماقلار تولا چاغلاردا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ھەل قىلغۇچى تەدبىرلەرنى ئىلمىي ئاساس ۋە ئۇسۇللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن باشلاپ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە بىر خىل مەخسۇس ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى — «مەسلىھەت بېرىش شىركىتى» ياكى «ئەقىل قىلغۇچىلار ئۆمىكى» مەيدانغا كەلدى. ئۇلار نىڭ كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىدىن پايدىلىنىپ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. چەت ئەللەردە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكىدىكى ستانفورد خەلقئارا ئۇرۇش ۋە تىنچلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئەسلىدىكى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى بولۇپ، ئۇ ھەر يىلى 60 تىن ئارتۇق دۆلەت ھاۋالە قىلغان مەسلىھەت بېرىش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ 1200 پارچىدىن ئارتۇق مەسلىھەت بېرىش دوكلاتىنى ئورۇنلايدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە مەسلىھەت بېرىش خىزمىتىدە زور تەرەققىياتلار بولدى. بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزدە مەركەز ۋە ھەر قايسى ئۆلكىلەردە 100 دىن ئارتۇق مەسلىھەت بېرىش ئورگىنى تەسىس قىلىنغان. بۇلار نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى، تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىسپاتلاپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن، بىر قىسىم مەكتەپلەر مەسلىھەت بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا باشلىدى. شاڭخەي شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىلەن ئالىي مائارىپ ئىدارىسى ئون نەچچە ئالىي مەكتەپنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇناسىپ ساھەلەر بويىچە مەسلىھەت بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئالىي مەكتەپلەردە ئىختىساسلىق زىيالىيلار مەركەزلەشكەن. ئۇلارنىڭ ساۋىيىسى يۇقىرى، بىلىم، كەسپىي جەھەتتە مەخسۇسلاشقانلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش دەۋرىدە ئالىي مەكتەپلەردىكى مۇشۇ كۈچتىن تولۇق پايدىلىنىپ، مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي ئەقىل - پاراسەت بۇلىقىنى ئېچىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنى جەمئىيەتنى تەكشۈرۈشكە، دۆلەتنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشقا، چەت ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، ھەربىي، پەن - تېخنىكا، مائارىپ جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، مۇھىم قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ھەمكارلىشىشقا قاتناشتۇرۇش، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى، تەكلىپ لايىھىلىرى، تەرەققىيات تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بۇنداق قىلىش ئىسلا-

ھالىتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلەت ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەسلىھەت بېرىش كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ئالىي مەكتەپلەر تىرىشىپ بۇ جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىشى، دۆلەت ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە يارىتىشقا تىرىشىشى لازىم.

6. ئالىي مائارىپنىڭ يۇقىرىدىكى بەش تۈرلۈك رولى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، زامانىۋىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالىي مەكتەپلەر ئۆزىنى كۈچەيتىش، دۆلەتكە قوشىدىغان تۆھپىسىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش مەقسىتىدە ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇشى، ئىقتىسادىي ساھەگە كىرىپ، رىقابەتكە قاتنىشىشى لازىم. ھەقلىق مۇلازىمەت ئەلۋەتتە دۆلەت تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا بولىدۇ. ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىش ئالىي مەكتەپلەردە ئەلۋەتتە ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا مەركەزلىشىدۇ. جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھاۋالە قىلىنغان سىنىپ ئېچىش، شەخسىيلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇيدىغان سىنىپ ئېچىش، مەكتەپتە ياكى جايلاردا ئېچىش، مەكتەپتىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جايلارغا بېرىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆتۈرە ئېلىش ئىشلىرىنى قوللاش، ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بېرىش، تەجرىبىخانا، كۇتۇپخانا ۋە باشقا خىزمەت قىلىش ئەسلىھەلىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، كۆپرەك ئىقتىسادىي مەنپەئەت بېرىش، ئايرىم كوللېكتىپ، ئايرىم يولداشلارنىڭ ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئالدىن بېيىشىنى قوللاش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا مەلۇم دائىرىدىكى مۇلازىمەت تۈرلىرىنى، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش لازىم. دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسىيلەرنى مەنپەئەتلەندۈرۈش، مەكتەپنىڭ ئوقۇ – ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، تۇرمۇش شەرت – شارائىتىنى ياخشىلاش، زىيالىيلارنىڭ ۋە باشقا بارلىق خادىملارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ ئىشلار ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلسا ئوقۇ – ئوقۇتۇشقا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بۇ ئىشنى ئاللىقاچان يولغا قويغان. ئامېرىكا ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كەسپىي راسخوتىنىڭ $\frac{1}{3}$ نى دۆلەت بېرىدىكەن، $\frac{1}{3}$ نى مەكتەپ ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق تاپىدىكەن. $\frac{1}{3}$ نى مەكتەپ ئەسلىھەلىرى ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار تۆلەيدىكەن. بىزدىمۇ ئالىي مەكتەپلەر شەرت – شارائىت يارىتىپ كەسپىي راسخوتىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. بۇ رېئاللىققا ئايلانسا مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئالىي مائارىپنى باشقۇرۇش ئىلمىنى تەتقىق قىلىش ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ ئېھتىياجى.

ھازىرقى دەۋر پەن، تېخنىكا، مائارىپ، باشقۇرۇشنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىكى تۆت چوڭ تۈۋرۈك دەپ قارىماقتا. ئىلمىي ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇشنى

www.uyghurkitap.com

يولغا قويۇش، باشقۇرۇش ئارقىلىق بايلىققا ئېرىشىش، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئورتاق شۇئارغا ئايلاندى. پارتىيىمىزنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىمۇ باشقۇرۇشنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى رولىغا يۈكسەك باها بەردى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، كىتاب - ماتېرىيال، ئۈسكۈنە، ئەسۋابلار مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم شەرت - شارائىت. ئەمەلىيەت ئوخشاش شەرت - شارائىت ئاستىدا باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، ئوخشاش بىر مەكتەپتە رەھبەرلىكنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغاندا مەكتەپنىڭ قىياپىتى، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئادەملىرىنىڭ سۈپىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، رەھبەرلىكنىڭ باشقۇرۇش جەھەتتىكى رولىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 50 - يىللاردىكى «مەكتەپ مەمۇرىيىتى ئىلمى» دا، «قانداق رەھبەرلىك بولسا، شۇنداق مەكتەپ بولىدۇ. رەھبەرلىك ھامان مەكتەپنىڭ جېنى» دەپ كۆرسىتىلگەن. رەھبەرلىك ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشقان، بىرلىككە كەلگەن، ئاكتىپ خىزمەت قىلىدىغان، تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، جاپالىق ئەمگەك قىلىدىغان، مەدەنىيەتلىك كوللېكتىپقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. رەھبەرلىك نىشاننى كۆرسىتىپ، ئۆلگە يارىتىپ، پىلان، قەدەم - باسقۇچلارنى بەلگىلەپ، خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ، ياخشى كەيپىيات پەيدا قىلىپ، پۈتۈن مەكتەپنىڭ ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرنى تولۇق تونۇغاندىلا رەھبەرلىكنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى رولىنى، مەكتەپ باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، كۈچەيتىشتىكى ئاكتۇئال ئەھمىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ مەكتەپلەرنىڭ شەرت - شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلىنىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئىلمىي، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش نۆۋەتتە مەكتەپلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى. ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشنى كۈچەيتكەندىلا بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن مەملىكىتىمىز يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ھالەتتە بولۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكىغا ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنىدى. شۇڭا پەن - تېخنىكا، باشقۇرۇش سەۋىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قالاق ھالەتتە ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى، ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، پەن - تېخنىكىسى، مەدە-



Altun

نىي-مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، سوتسىيالىستىك مەكتەپلەرنى باشـ قۇرۇش جەھەتتە ئاز بولمىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. مەسىلەن: توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈـ چۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، تەربىيىلەش نىشانى، مەكتەپ ئىستىلىنى بېكىتىش، ئوـ قۇتۇشنى ئاساس قىلىش، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، سىياسىي خىزمەت، ئارقا سەپ تەمىنات قاتارلىق ئۈچ جەھەتنىڭ مۇناـ سىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئوقۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خىزمەت قىلىپ ئادەم تەربىيىلەشنى يولغا قويۇش، كادىرلار قوشۇنى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، مۇۋاپىق ئىشلىتىش، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، خىزمەت، تەتـ قىقات ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسىز بولغان ئۇسۇل، قائىدە-تۈزۈم، مەزمۇن ۋە شەكىللەرنى ئۆزگەرتىش، كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغايدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي بىلىم، ئاساسىي ماھارىتىنى، ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئۇسۇل- چارە، قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىش قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاز بولمىغان نەتىجە، تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىـ گە بولدى. بۇنى ئالدى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. لېكىن مائارىپقا سەل قاـ رايدىغان، بىلىمگە سەل قارايدىغان خاتا ئىدىيىلەر ھېلىمۇ مەۋجۇت. مائارىپ خىزـ مىتىدىكى سول ئىدىيىنىڭ تەسىرى پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكىنى يوق. مائارىپ خىزمىتىـ نىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمايۋاتقان ھالىتى تېخى تۈپتىن ئۆزگەرتىلگىنى يوق. ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش جەھەتتە تەتـ قىق قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئاساسلىقى تۆۋەندىكىـ لەردىن ئىبارەت:

1. ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئارقىدا قېـ لىۋاتىدۇ. ئالىي مائارىپنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماسـ لىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. مائارىپنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاكچىسىنى تېخى تامامەن ئەمەلىيلىشىپ كەتمىـ دى. ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئىقتىسادىي، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىـ ياجىدىن ئايرىلىپ قېلىش مەسىلىسى تېخى تولۇق ھەل بولمىدى. جەمئىيەتنىڭ ئەمەـ لىي ئېھتىياجى، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئويلاشماي، كۆلەمنى كېڭەيتىش، يۇـ قىرى قاتلامنى قوغلىشىشقا قىزىقىش كۆپ بولدى.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە، سىياسىي، ئەخلاقىي ساپاسى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارى بىلەن ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق بار. بىر قىسىم ئوقۇـ غۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى ئەمەس. بىزنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش كۈچىـ

مىز تېخى ھەقىقىي ھالدا ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ھالقا ئۈستىگە قويۇلمىدى.

3. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتىكى مەسىلىلەر تۈپتىن ھەل قىلىنمىدى. مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى مۇۋاپىق ئەمەس، مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچى تولۇق جارى قىلىنمىدى. مائارىپ ئىسلاھاتى، باشقۇرۇش ئىسلاھاتى، ئوقۇش، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشمىدى. تەرەققىيات بىلەن شارائىت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئوخشاشلا گەۋدىلىك. مەكتەپلەرنىڭ سانى كۆپ، كۆلىمى كىچىك، ئىسراپچىلىق ئېغىر.

4. مەكتەپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىن قارىغاندا، پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەتنى ئايرىش تېخى ياخشى ھەل قىلىنمىدى. ئاپپاراتلار كېلەڭسىز. تەخسىماتتا ئىنچىكە مەسئۇل بولمىدىغان ئادەم بولماسلىق ئەھۋالى ھېلىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. كادىرلار قۇرۇلمىسىدا زور ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ، كادىرلارنىڭ يېشى چوڭ بولۇش، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، كەسپىي ئاساسى ئاجىز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر تېخى تەلتۆكۈس ھەل قىلىنمىدى، باشقۇرۇش ئىلمىي ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلىملارنى ئۆگىنىش ئومۇملاشمىدى. ھېلىمۇ ھەم ئاساسىي جەھەتتىن مەمۇرىي ۋاسىتە ۋە تەجرىبىگە تايىنىپ مەكتەپ باشقۇرۇش داۋاملاشماقتا.

5. باشقۇرۇش سىياسىتى — ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولۇشى، ۋەزىپە بىلەن مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك ئىدى. بۇ جەھەتتە بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، چوڭ قازانغا تېخى تېگىلمىدى، ئېشىلغان كىچىك قازاندىمۇ تەڭ پايدىلىنىلماقتا.

ھازىرقى زامان ئىلمىي باشقۇرۇش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىش — ئىلمىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، ئوقۇش- ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشتىكى ۋاسىتىلار ئوخشاشلا كونا. ئوقۇتقۇچى يەنىلا سىنىپ، دوسكا، بور قاتارلىقلار ئۈستىدە قول بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش ئومۇملاشقىنى يوق، ئېلېكترونلۇق ھېساب بىلەن باشقۇرۇش ساھەسىگە تېخى ئېلىپ كىرىلمىدى.

ئالىي مائارىپنى، ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن مەقسەت — ئالىي مەكتەپلەردىكى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئۇلارغا باشقۇرۇش ئىلمىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇتۇپ، ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى قوزغاپ، دەرھال كىرىشىپ، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت.

لېنىن: «باشقۇرۇش ئۈچۈن كەسىپ ئەھلى بولۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئالىي مەكتەپتىكى بارلىق خادىملار بولۇپمۇ باشقۇرغۇچىلار باشقۇرۇش ئىلمىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىلمىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ساقـ

لىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

2

ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇش ئىلمىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باشقۇرۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش لازىم.

باشقۇرۇش دېگەن نېمە؟ بۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە تېخى جامائەت ئېتىراپ قىلغۇدەك مۇكەممەل تەبىر يوق. بۇنى ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي ئېقىملار ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ھالدا چۈشەندۈرمەكتە.

ھەل قىلغۇچى تەدبىر نەزەرىيىچىلىرى «باشقۇرۇش — ھەل قىلغۇچى تەدبىردىن ئىبارەت» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ تونۇشىچە باشقۇرۇش دېگەن بەلگىلەنگەن نىشان ۋە شۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىر ۋە چارىلاردۇر. ئۇلار زامانىۋى پەن- تېخنىكا ۋاستىلىرىنى باشقۇرۇش پائالىيەتلىرى ئىچىگە ئېلىپ كىرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ھەرىكەت ئىلمىي باشقۇرۇش ئېقىمىدىكىلەر: «باشقۇرۇش دېگەن — ئادەمنى باشقۇرۇش دېگەنلىكتۇر»، «باشقۇرۇشنىڭ تەبىرى — شەخسىي بىلەن ئاممىا بىرلىكتە ئىشلەش ئارقىلىق تەشكىلاتنىڭ نىشانىسىغا يېتىش»، «خۇددى بىز ئوتتۇرىغا قويغان تەبىرگە ئوخشاش باشقۇرۇشنى ھەرقانداق بىر تەشكىلاتقا — سودا تەشكىلاتى، مائارىپ ئورگانلىرى، دوختۇرخانا، سىياسىي تەشكىلات ۋە ياكى ئائىلىلەرگە تەدبىقلاشقا بولىدۇ. ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بۇ تەشكىلاتلاردىكى خادىملار، ئادەملەر ئارا بولىدىغان ماھارەتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. بۇخىل رەھبەرلىك ئارقىلىق تەشكىلاتنىڭ نىشانىسىغا يېتىش باشقۇرۇش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم كېيىمدە ئۆز تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم قىسمى بويىچە باشقۇرغۇچى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

20- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدا بىرخىل يېڭى باشقۇرۇش نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلار ئىلمىي باشقۇرۇش ئېقىمىدىكىلەر بىلەن ھەرىكەت ئىلمىي نەزەرىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «باشقۇرۇش — تەشكىللەش ۋە پىلانلاش ھەرىكەت ئارقىلىق بىر ئورگاندىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ ئورگاننىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش نىشانىغا يېتىشنى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ماركىس مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «بارلىق كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان بىۋاسىتە ئىجتىمائىي ئەمگەك ياكى ئورتاق ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئازدۇر - كۆپتۇر قوماندانلىق قىلىپ شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش زۆرۈر ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئومۇمىي گەۋدىنىڭ ھەرىكىتىنى بۇ ئومۇمىي گەۋدىگە ئوخشاش بولمىغان، مۇستەقىل بولغان ئەزانىڭ ھەرىكىتىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ھەرخىل فۇنكسىيە مەيدانىغا كېلىدۇ. بىر يەككە ئىسكىرىپكىچى ئۆزىگە ئۆ -

زى دىرىژورلۇق قىلىدۇ. بىر ئورکېستىرغا بولسا ئورکېستىر دىرىژورى بولۇشى كېرەك».

ماركسىزمنىڭ بۇ بايانى باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنىڭ بىر قانچە ھالقىلىق نۇقتىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ: (1) باشقۇرۇش — جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئېھتىياجى. (2) باشقۇرۇش — پائالىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشتۇر. باشقۇرغۇچى باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي گەۋدە ھەرىكىتىنىڭ ئادەتتىكى فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىدۇ. (3) باشقۇرغۇچىنىڭ خىزمىتى باشقىلارنىڭ پائالىيىتىنى ئۈنۈملۈك تۈردە ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق خىزمەت ئۈنۈمىگە ئېرىشىدۇ، نىشانىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، باشقۇرۇش ئىلمىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملارنىڭ باشقۇرۇشنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى سۆزلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن باشقۇرغۇچىنىڭ قانداق ۋەزىپىنى ئورۇنلايدىغانلىقى ھەققىدىكى پىكرى بىردەك. بارلىق باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان خىزمىتى ئاخىرقى ھېسابتا باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن ماسلاشتۇرۇپ خىزمەت ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

سىستېما نەزەرىيىسى: ئانا سىستېمىنىڭ ئىقتىدارى ئۇششاق سىستېمىلار ئىقتىدارىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ، ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ياكى ئورتاق ئىشلىگەن ئەمگەكنىڭ ئىقتىدارى شەخسلەر پائالىيەت ئىقتىدارىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ دەپ تونۇيدۇ.

دېمەك، ئادەملەر جەمئىيەت تەشكىل قىلغان بىر كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشقاندىن كېيىن ھەر بىر شەخسنىڭ پائالىيەت ئىقتىدارىنىڭ يىغىندىسى چوڭىيىدۇ. بۇ چوڭىيىش ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش يولى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. بىز مۇبادا ئىجتىمائىي ئەمگەك ياكى ئورتاق ئەمگەكنى بىر مۇرەككەپ چوڭ سىستېما، ھەر بىر شەخسنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىنى ئۇششاق سىستېما دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا باشقۇرۇش بۇ ئۇششاق سىستېمىلارنى بىر-بىرىگە چاتىدىغان بەلباغ بولۇپ، چوڭىيىش نىسبىتى ئاساسەن باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ جارىي قىلىنىشىغا باغلىق بولىدۇ. شەرت-شارائىتى ئوخشاش بولغان ئالىي مەكتەپلەردە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى، خىزمەت ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ.

بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، باشقۇرۇشنىڭ ماھىيىتى ماسلاشتۇرۇش، جارىي قىلىنىشتا بولۇپ، ماسلاشتۇرۇش، جارىي قىلىش ئارقىلىق باشقۇرغان سىستېمىنىڭ ئۈنۈمىنى چوڭايتقىلى بولىدۇ. بۇ باشقۇرۇشنىڭ باشقا بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىن پەرقلىنىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ خۇددى پەن-تېخنىكا ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا نىسبەتەن تېزلىتىش رولىنى ئوينىغانغا ئوخشاش باشقۇرۇشمۇ ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ئۈنۈمىنى چوڭايتىش رولىنى ئوينايدۇ.

يۇقىرىدىكى تەھلىللەرگە ئاساسلانغاندا، باشقۇرۇش دېگەن ئالدىن بەلگىلەنگەن نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىك پرىنسىپ بويىچە كىچىك سىستېمى-

لار ۋە شەخسىيلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، ئەڭ چوڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ باشقۇرۇشنىڭ ئادەتتىكى تەبىرىدۇر. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ-تاشقان، ئۈزلۈكسىز ماسلىشىش سىستېمىسىنى قۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان ھازىرقى زامان جەمئىيىتى ئالدىدا داۋاملىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تۆۋەن سەرپىياتلىق ئىقتىدار چىقىرىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ھازىرقى زامان باشقۇرۇشنىڭ مەزمۇنى — باشقۇرۇشنىڭ ئوبيېكتى، يادروسى، جەريانى ۋە مەقسىتىدىن تەركىب تاپىدۇ. باشقۇرۇشنىڭ ئوبيېكتى «ئادەم»، «مالىيە»، «ماددىي ئەشيا»، «ۋاقىت»، «ئۇچۇر»، «جەڭگىۋارلىق روھ»، «ئۇسۇل» دىن ئىبارەت يەتتە مۇھىم نۇقتىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ ھەرگىز يەككە مۇھىم نۇقتىلارنىڭ مېخانىك قوشۇلۇشى بولماستىن، بەلكى مۇھىم نۇقتىلاردىن تەركىب تاپقان سىستېمىدىن ئىبارەت.

باشقۇرۇشنىڭ يادروسى ئادەملەردىن ئىبارەت. چۈنكى باشقۇرۇش بىر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەت، ئادەملەر ئارىسىدا رول ئوينايدىغان جەريان. بۇ جەرياننىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرى ئىچىدە پەقەت ئادەملەرلا ئاساسىي گەۋدە بولىدۇ. باشقۇرۇش جەريانىدىكى قوماندانلىق قىلىش، تەڭشەش، تىزگىنلەش ئادەملەرنى باشقۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

باشقۇرۇشنىڭ جەريانى نىشاننى بەلگىلەش، پىلان تۈزۈش، تەشكىلىي ئاپپاراتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كۈچنى تەشكىللەش، ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىش، ئۆزگىرىشنى كۆزىتىش، مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، سىستېمىنى كونترول قىلىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، كېيىنكى ئىشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت «ئون ھالقا» غا يىغىنچاقلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان باشقۇرۇشنىڭ مەقسىتى يالغۇز باشقۇرۇش ئوبيېكتىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ ئىقتىدارىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي گەۋدىدىن چوڭا يېتىپ، ئومۇمىي گەۋدىنىڭ ئىقتىدارىنى ھەر قايسى قىسىملارنىڭ قوشۇلۇش يىغىندىسىدىن ئاشۇرۇپ ئەمگەك ياكى خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشلا بولۇپ قالماستىن، خىزمەت ياكى ئەمگەك نەتىجىسىدىن ھاسىل قىلىنغان ئىجتىمائىي قىممەتتە. يىغىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان باشقۇرۇشنىڭ مەقسىتى، ئەمگەك ياكى خىزمەتنى تەشكىللەشنىڭ جەمئىيەتكە قوشۇش مۇمكىن بولىدىغان تۆھپىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىرقى زامان باشقۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ئادەم. ھەرىكەتتىكى تەشكىلىي سىستېما ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشىدۇر.

ھازىرقى زامان باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ئۇرۇغۇن يولداشلار سىستېما قائىدىسى، پۈتۈنلۈك، بۆلۈنۈش، بىرىكىش قائىدىسى، قايتىلىنىش قائىدىسى، تۆيۇقلۇق قائىدىسى، ئېنېرگىيە دەرىجە قائىدىسى، ئېلاستىكىلىق



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

قائىدىسى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قائىدىسى قاتارلىق يەتتە قائىدىگە يىغىنچاقلانغان. كېيىنرەك ئۇنىڭ قائىدىسىنى قوشۇش كېرەك دەپ قارىغان. ھازىر بۇلارنى تەھلىل قىلىپ سىستېما قائىدىسى، ئادەم ئاساسىي قائىدىسى، ھەرىكەت ھالىتى قائىدىسى ۋە ئۈنۈم قائىدىسى قاتارلىق تۆت قائىدىگە ئومۇملاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويىدى.

1. سىستېما قائىدىسى. سىستېما دېگىنىمىز — بىرلىككە كەلگەن ئىقتىدار، مەقسەت بويىچە تەشكىللەنگەن ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر. سىستېمىنى ئەڭ ياخشى ھالەتكە يەتكۈزۈش سىستېما ئانالىزى دېيىلىدۇ. سىستېما قۇرۇلۇشى — سىستېما ئانالىز ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم پەن-تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا باشقۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقۇرۇش ئوبيېكتىغا نىسبەتەن يېتەرلىك دەرىجىدە سىستېما ئانالىزى يۈرگۈزۈش لازىم.

سىستېما قائىدىسى باشقۇرغۇچىلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ: ھەر قايسى قىسىملاردىن تەركىب تاپقان پۈتۈن گەۋدىلىك ھەرىكەت ھالىتىدىكى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئىچىدە ھەر بىر قىسىم پۈتۈن گەۋدىگە بويسۇنۇش، پۈتۈن گەۋدە ئۆزىنىڭ تېخىمۇ زور بىر سىستېمىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېسىدە تۇتۇپ ئۇنىڭغا بويسۇنۇش لازىم. بىر باشقۇرۇش سىستېمىسى ئىچىدىكى ھەر قايسى قىسىملار ئۆز ئارا «كىرىش»، «چىقىش» قىلىپ، ئۆز ئارا يېقىن ئالاقىدا بولۇپلا قالماي، يەنە باشقا سىستېمىلارنىڭ قىسىملىرى بىلەن ئىرماش-چىرماش ئالاقىدا بولىدۇ. سىستېما قائىدىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، بۇ مۇناسىۋەتنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم.

سىستېمىنىڭ ئۈچ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى (مەقسەتلىكى، بىر پۈتۈنلىكى، قاتلاملىقى) بار. ھەر قانداق بىر سىستېمىنىڭ پەقەت بىرلا مەقسىتى بولىدۇ. سىستېما ئىچىدىكى بارلىق قىسىملارنىڭ مۇناسىۋىتى سىستېمىنىڭ مەقسىتى بىلەن باغلىنىدۇ، تەڭشىلىدۇ، سىستېمىنىڭ مەقسىتىگە بويسۇنىدۇ.

سىستېما ئانالىزىدا سىستېمىنىڭ بىر پۈتۈنلىكى تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى بەزىدە سىستېمىنىڭ ئايرىم قىسمى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىش ئومۇمىي سىستېما ئۈچۈن پايدىسىز بولۇشى، قىسىملارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈنۈمى پۈتۈن سىستېمىنىڭ ياخشى ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلالماي قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا سىستېما ئانالىزىدا ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇش، مۇۋاپىق قۇرۇلما ئارقىلىق قىسىملارنىڭ ئىقتىدارىنى سىستېمىنىڭ ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. لېكىن بۇ قىسىملارنىڭ قول-پۇتىنى چۈشەپ قويۇشقا ئايلىنىپ قالماسلىقى، بەك ئۆلۈك بولۇپ كەتمەسلىكى، قىسىملاردىمۇ ھاياتىي كۈچىنىڭ بولۇشىنى قوللاش لازىم.

سىستېمىنىڭ ھەممىسى قاتلام قۇرۇلمىسىغا ئىگە. ھەر بىر قاتلامنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئىقتىدارى بولىدۇ. باشقۇرۇش جەريانىدا يۇقىرى قاتلام تۆۋەندىكى بىر قاتلامنىلا باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. بىر قاتلام پەقەت ئۆزىدىن يۇقىرى بىر قاتلام ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. سىستېما ئانالىزىدا بۇ ئىشقىمۇ ئالاھىدە

دىققەت قىلىش كېرەك. باشقۇرۇش جەريانىدا قاتلاملار قالايمىقانلىشىپ كەتسە، پۈتۈن سىستېمىنىڭ ئىقتىدارىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

سىستېما قائىدىسى پۈتۈنلۈك، بۆلۈنۈش، بىرىكىش، تويۇقلۇق قائىدىسىنى ئۆزىنىڭ قوشۇمچە قائىدىسى قىلىدۇ. پۈتۈنلۈك، بۆلۈنۈش، بىرىكىش قائىدىسى دېگىنىمىز — بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە پىلانلانغان لايىھە ئاساسىدا ئېنىق ئىش تەقسىماتى بولۇش، ئاخىرى ئۇنى ئۈنۈملۈك ئومۇملاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قائىدە ئىچىدە بىر پۈتۈنلۈك ئالدىنقى شەرت. بىر پۈتۈنلۈك ۋە ئۈنۈمنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى ئىگىلەنمىسە تەقسىمات چوقۇم قارىغۇلارچە بولىدۇ، زور قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ، ئىش تەقسىم قىلىش بىر مۇھىم ھالقا، ئىش تەقسىم قىلىنمىسا مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشماي يۆلىنىۋېلىش كېلىپ چىقىدۇ، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ، كۈچلۈك تەشكىللەش ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈلمىسە، سىستېمىنىڭ مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ، بىر پۈتۈنلۈك بۇزۇلىدۇ.

ھازىرقى زامان باشقۇرۇشىدا ئىجتىمائىي ئىقتىدارغا ئاساسەن كەسىپلەشكەن ئىقتىدار ئىش تەقسىماتى، تەبىئىي بايلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كەسىپلەشكەن رايون ئىش تەقسىماتى، مەھسۇلات ۋە ئۈنۈمنىڭ تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن كەسىپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، تەتقىقات ئىش تەقسىماتى، مەشغۇلات تەرتىپىگە ئاساسەن كەسىپلەشتۈرۈلگەن مەشغۇلات ئىش تەقسىماتى قاتارلىق تەقسىماتلار يولغا قويۇلىدۇ.

تويۇقلۇق قائىدىسى. بۇ ھەر قانداق سىستېما ئىچىدىكى باشقۇرۇش ۋاسىتىلىرىدا قوماندانلىق مەركىزى، ئىجرا قىلىش ئىدارىسى، نازارەت قىلىش تۈزۈلمىسى، قايتۇرۇش قائىدىسى قاتارلىقلارنىڭ باغلىنىشلىق ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان تويۇقلىنىش بولۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ھەرىكىتى شەكىللىنىدۇ دېگەنلىكتۇر. باشقۇرۇشتا تويۇقلاشتۇرۇشتا، باشقۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۈستىدە باھالاش، ئۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىش، ئاقىۋەتتىن ئىز قوغلاپ سەۋەبىنى تېپىش، ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ئاقىۋەت بىلەن ھېسابلاشماي ئاخىرىدا بىر گەپ بولۇر دەپ قاراش — مۇقەررەر ئوچۇق باشقۇرۇش بولۇپ ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى. بۇنداق قىلغاندا نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر پۈتۈنلۈك، بۆلۈنۈش، بىرىكىش، تويۇقلىنىش سىستېما ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار سىستېما قائىدىسىگە بويسۇنىدۇ.

2. «ئادەم ئاساس» قائىدىسى. باشقۇرۇشنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنىنىڭ بىرى ئادەم. پۈتكۈل باشقۇرۇش خىزمىتىنى مالىيە، ماددىي ئەشيا، ئۇچۇر، ۋاقىت قاتارلىقلارنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئادەمدىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئاساس ئۈستىدىكى خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. «ئادەم ئاساس» قائىدىسى تەشكىلات ئىچىدىكى بارلىق خادىملارنى بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ مەقسىتى، خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتى، شەخسىيلەرنىڭ مەسئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لىيىتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تەشەببۇسكارلىق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەستايىدىل، پائال ئورۇنلايدىغان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«ئادەم ئاساس» قائىدىسى: ئادەمنى باشقۇرۇش ئوبيېكتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا يەككە-يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەپ قارىمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ باشقۇرۇش جەريانىدىكى ئاساسى ئورنىنى تەكىتلەيدۇ. باشقۇرۇش ئوبيېكتى بولغان پۈتۈن گەۋدىلىك سىستېمىدا ئادەم باشقا مۇھىم نۇقتىلارنىڭ ئىدارە قىلغۇچىسى، مالىيە، ماددىي ئەشيا، ۋاقىت، ئۇچۇر قاتارلىقلار پەقەت ئادەم تەرەپتىن ئىگىلەنگەن ۋە پايدىلانغاندىلا ئاندىن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

«ئادەم ئاساس» قائىدىسىگە مۇناسىۋەتلىك قائىدىلەر «ئېنېرگىيە دەرىجىسى قائىدىسى» ۋە «ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قائىدىسى» دىن ئىبارەت. «ئېنېرگىيە دەرىجىسى قائىدىسى» ئادەملەرنىڭ ئېنېرگىيىسى — كۈچى چوڭ ھەم كىچىك بولۇپ، دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەلۇم تەرتىپ، ئۆلچەم تۇرغۇزۇلۇپ ھەربىر ئادەم باشقۇرۇش جەريانىدا ھەرىكەت ھالىتىدە باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ ئېنېرگىيىسىگە، قابىلىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئورۇندا تۇرىدىغان قىلىنىدۇ دەپ قارايدۇ.

«ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قائىدىسى»: باشقۇرۇشتا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇش كېرەك. ئۇنى توغرا ئىشلەتكەندە باشقۇرۇش ھەرىكىتى داۋاملىق ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئادەمنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلىنىش كۈچى ماددىي ھەرىكەتلىنىش، روھىي ھەرىكەتلىنىش ۋە ئۇچۇر ھەرىكەتلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. ياخشى باشقۇرۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن باشقۇرغۇچىلار بۇ ئۈچ خىل ھەرىكەتلىنىش كۈچىنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈپ، ئادەملەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغىشى ھەمدە شەخس ھەرىكەتلىنىش كۈچى بىلەن كوللېكتىپ ھەرىكەتلىنىش كۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

3. ھەرىكەت ھالىتى قائىدىسى. باشقۇرۇش جەريانى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان جەرياندۇر. باشقۇرۇش ئوبيېكتى بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە سىستېمىسىنىڭ ئۆزى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم تەركىبىي قىسىملار (ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيا، ۋاقىت، ئۇچۇر ...) ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكى سىستېما شۇ قاتلامدىكى ئالاقىدار سىستېمىلار ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىپ ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە تاشقى شارائىتتا ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىدۇ. باشقۇرغۇچىلار ئۆزى باشقۇرىۋاتقان پۈتۈن گەۋدىلىك سىستېمىغا تېگىشلىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىشى لازىم.

«ھەرىكەت ھالىتى قائىدىسى»: ھەربىر باشقۇرغۇچىدىن باشقۇرۇش جەريانىنىڭ ماھىيىتى — باشقۇرۇش ئوبيېكتىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن

تېگىشلىك تەكشەش ئېلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىرقى زامان باشقۇرۇشى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا باشقۇرۇش جەريانىدا ئۇچۇر توپلاش، قايتىلانمىشنى دائىملاشتۇرۇش، يېتەرلىك ئىلاستىكلىقنى ساقلاش، دائىم تەكشەپ تۇرۇش قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەردە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

«ھەرىكەت ھالىتى قائىدىسى» گە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى — «قايتىلىنىش قائىدىسى» ۋە «ئىلاستىكلىق قائىدىسى» دۇر. بۇلارنى ھەرىكەت ھالىتىنىڭ قوشۇمچىسى قىلىشقا بولىدۇ.

«قايتىلىنىش قائىدىسى»: كىشىلەر بىر يۈرۈش باشقۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى قوللانغاندىن كېيىن مۇقەررەر ھالدا مەلۇم ئاقىۋەت پەيدا بولىدۇ. ھەرىكەت بىلەن ئاقىۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت — «سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتى». قايتىلىنىش دەل مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئاقىۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە تۇرغۇزۇپ، باشقۇرغۇچىلارنى ئاقىۋەتتىن قايتۇرۇلغان ئۇچۇرغا ئاساسەن سىستېمىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلەپ، تەرتىپكە سېلىپ بەلگىلەنگەن مەقسەتكە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

«ئىلاستىكلىق قائىدىسى»: باشقۇرۇش ھەرىكىتى چېتىلىدىغان ئۆزگىرىشچان ئامىللار ئىنتايىن مۇرەككەپ. كىشىلەرنىڭ ئادەتتە ئۇلارنى يۈزدە يۈز تونۇپ يېتەلىشى ناتايىن. بەزى ۋاقىتتا ئانچە مۇھىم بولمىغان بىر ئامىلغا سەل قارىغانلىق تۈپەيلىدىن چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. باشقۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى — ئادەم. ئادەم بولسا ئەڭ مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان ئامىلدۇر... قىسقىسى، باشقۇرۇش مۇرەككەپ ھەرىكەتچان جەريان بولغاچقا ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى قاراش، چارىلىق بولۇش، ئورۇن قالدۇرۇش، ئىلاستىكلىقنى ساقلاپ ماسلىشىش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم.

4. ئۈنۈم قائىدىسى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى باشقۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى مەلۇم بىر سىستېمىنىڭ جەمئىيەتكە قوشىدىغان تۆھپىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشتە. بۇ خىل تۆھپە سىستېمىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمىدىن كېلىدۇ. ئۈنۈم قانچە يۇقىرى بولسا، تۆھپە شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئۈنۈم قائىدىسى ھەر بىر باشقۇرغۇچىدىن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى، مەلۇم شەكىلگە ئىگە، كىشىلەر كۆرەلەيدىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلىپ، پەقەت ياخشى ئارزۇنى تەكىتلەپ ئۈنۈمگە قارىمايدىغان «تۆھپەم بولمىسىمۇ جاپا تارتتىم» دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان باشقۇرۇش ئىستىلىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۈنۈم قائىدىسىنىڭ يادروسى — قىممەت، ئىجتىمائىي قىممەت مەسىلىسىدۇر. ئېنىقلىنىشنىڭ كۆز

www.uyghurkitap.com

قارىشى بويىچە قىممەت ئەمگەك سەرپىياتى بىلەن ئوبيېكتىپ ئۇنۇمىنىڭ مۇناسىۋىتى بولىدۇ. يەنى

$$\text{قىممەت} = \frac{\text{ئۇنۇم}}{\text{سەرپىيات}}$$

ئۇنۇم قائىدىسى ئەمەلىيەتتە باشقۇرغۇچىلاردىن ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ باشقۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنىڭ قىممىتىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى سەرپىياتنى ئۆزگەرتمەي ئۇنۇمنى ئاشۇرۇش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ ئۇنۇمنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئۇنۇمنى سەرپىياتتىن كۆپ ئاشۇرۇش، سەرپىياتنى كېمەيتىپ ئۇنۇمنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ.

باشقۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق باشقۇرغۇچىلار باشقۇرۇش ئىشىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى، باشقۇرۇش ۋاسىتىسى (مەسىلەن: ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ، ئۇچۇر ... ۋە باشقا ۋاسىتىلار) نى قانداق قىلىپ ئىلمىي، ئۇنۇملۈك ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى تەتقىق قىلىشى، رىقابەت ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىشى، باشقۇرۇش ھەرىكىتى كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي قىممەتنى داۋاملىق باھالىشى لازىم.

ھازىرقى زامان باشقۇرۇشىنىڭ مۇشۇ ئاساسىي قائىدىلىرى مۇكەممەل بىر پۈتۈن گەۋدە. ئۇ پۈتۈن باشقۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئومۇمىي تەلىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقۇرغۇچىلار بۇ قائىدىلەرنى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ئوبيېكتنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن جانلىق بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىدىغان بولسا باشقۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ياخشى باشقۇرغۇچىغا ئايلىنالايدۇ.

## 3

باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى كارخانا باشقۇرۇشتىن باشلانغان. ئۇنىڭ ئوبيېكتى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى. بىزنىڭ تەتقىق قىلماقچى بولغىنىمىز پۈتكۈل باشقۇرۇشنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان ئىلمىي باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى (يەنى ئىنسانىيەتنىڭ باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى ئىنكاس قىلىدىغان ئەڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتى) ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش تەتقىقاتىغا ماس كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش، باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇشقا ئوخشىمايدۇ. ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈپ لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە باشقۇرۇش ئىلمىنىڭ ئادەتتىكى قائىدىسى بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكىنى جانلىق بىرلەشتۈرگەندىلا ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش يولىغا سالغىلى بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى تەتقىق قىلغاندا تەلىم ــ تەربىيە پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ھەممىدە بارلىق خادىملارنىڭ



AltunOq

پىسخىك پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئالىي مەكتەپنى باشقۇرۇشنى باشقا ساھەلەرنى باشقۇرۇشتىن پەرقلەندۈرىدىغان ماھىيەتلىك بولغان بىر تەرەپتۇر. ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش — سانائەت، كان — كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى. شۇڭا ئۇلارنى ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە باشقۇرۇش كېرەك. ھەربىي ئىشلار پائالىيىتى ھەربىي قىسىملارنىڭ ئاساسىي پائالىيەت شەكلى. شۇڭا ئۇلارنى ھەربىي ئىشلار پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە باشقۇرۇش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي پائالىيەت شەكلى تەلىم — تەربىيە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇڭا ئۇنى تەلىم — تەربىيە پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە باشقۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، سانائەت، كان — كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتى ماددىي ئەشيا. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «مەھسۇلاتى» بولسا جانلىق، بىلىملىك، ئاڭغا ۋە سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىققا ئىگە ئادەمدىن ئىبارەت. مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل ئامىللار ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشنى ئۇلارنىڭ پىسخىك پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان يەنە نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بار. مەسىلەن: ئالىي مەكتەپلەرگە زىيالىيلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن. خىزمەت تۈرلىرى كۆپ، مۇرەككەپ ۋە باشقىلار. ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشتا بۇ ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىرلىكتە يەنە ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئېلىمىزنىڭ ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئىلمىنى ئاددىيلا ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالماسلىقىمىز، ماركسىزم — لېنىنىزمنىڭ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا، ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز، ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئىلمى، ئالىي مەكتەپ پېداگوگىكىسى ۋە ئالىي مەكتەپ پىسخولوگىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ پەننى ئالىي مەكتەپنى باشقۇرۇش ئىلمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ كەسپىي ئاساسى قىلىشىمىز، پەلسەپە، سوتسىيال — ئىقتىساد، جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تارىخ، لوگىكا، ئۇچۇر نەزەرىيىسى، پىسخولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنىمۇ تەتبىق قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەكتەپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى تەتقىق قىلىشتا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى، ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشتا يېڭى سەۋىيە يارىتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4

ئالىي مەكتەپلەرنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن توغرا باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىش لازىم. پرىنسىپ دېگىنىمىز: مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى. ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىش قانۇنىيىتى بويىچە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەر، قانۇنىيەتنىڭ ئىنكاسى. قانۇنىيەتنى خەلق ئاممىسى تونۇپ ئۆز ھەرىكىتىگە يېتەكچى قىلغاندا پرىنسىپ شەكىللىنىدۇ. پرىنسىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى تونۇشى ئاساسىدا خۇلاسىلانغان. ئۇنىڭ مەنبەسى ئەمەلىيەت. ئۇ يەنە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ يېتەكچىلىك قىلىش، ئەتراپلىق بولۇش، قاتلاملىق، ئەمەلىيەتچانلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ماركسىزم: قانۇنىيەت ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆزگەرمەيدۇ. پرىنسىپ قانۇنىيەتنىڭ كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئىچكى باغلىنىشىنىڭ ئىنكاسى. تونۇش چەكلىمىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدا پەرق بار دەپ قارايدۇ. دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر ۋە باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تونۇشىدىمۇ پەرق بار. بۇ مەلۇم مەنىدە باشقۇرۇش ئىلمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە يولداش لى گۇڭنىڭ مەسئۇللىقىدا تەھرىرلەنگەن، 1983 - يىلى گۇاڭدۇڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش» دېگەن كىتابتا بۇ مەسىلە، يەنى ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش پرىنسىپلىرى بىرقەدەر يىغىنچاق، مۇۋاپىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەن شۇ ئاساستا ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش پرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى تونۇشۇمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1. سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش پرىنسىپى. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپلەر. شۇڭا ئالدى بىلەن سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىشى كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى، ئالىي مەكتەپلەر پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشى زۆرۈر. پارتىيىنىڭ مائارىپ يۆنىلىشىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ھەققىدىكى قارارى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېلىمىزنىڭ ئالىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ستراتېگىيىلىك نىشانى ۋە تەربىيىلەش نىشانىنى تىرىشىپ ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم.

پارتىيە پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. پارتىيىنىڭ سىياسىي، تەشكىلىي، ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. ئىنتىزامنى قاتتىق قىلىش، بولۇپمۇ سىياسىي ئىنتىزامنى قاتتىق قىلىشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇشى لازىم. كۆپ مىللەتلىك ئالىي مەكتەپلەر بۇ ئىشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە ئورنىدا تۇتۇشى كېرەك. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققىدىكى تەربىيە ۋە ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز قەتئىي ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشى، بىر ۋەتەن كۆز قارىشىنى مۇستەھكەملەش، ئىككى ئايرىلالماسلىق، بەش ئۆز ئارانى ئىشقا ئاشۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز سۆز - ھەرىكەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان يامان كىشىلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش لازىم.

2. تەلىم - تەربىيىنى ئاساس قىلىش، مەكتەپ خىزمىتىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پرىنسىپى. ئالىي مەكتەپلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان، پەن- مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇن ۋە بىر مۇرەككەپ سىستېما. ئۇنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن تارماق، سىستېمىلار بار، ھەر بىر سىستېما ۋە تەشكىلىي قىسمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ۋەزىپىسى بار. بۇ سىستېما ۋە تەشكىلىي قىسىملار ئورگانىك ھالدا باغلانغان. ئۇلار ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپە پۈتۈن مەكتەپتىن ئىبارەت چوڭ سىستېما ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنىڭ بىر قىسمى. شۇڭا خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، تارماق، سىستېما ۋە تەشكىلىي قىسىملارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەپ ئۆز ئارا ماسلىشالايدىغان قىلىش — تەربىيىلەش نىشانىنى ئەلا سۈپەت بىلەن ئورۇنلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تارماق سىستېمىلارنىڭ ئۈنۈمى ئومۇمىي ئۈنۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لېكىن، ئومۇمىي ئۈنۈم تارماق سىستېمىلار ئۈنۈمىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى ئۆز ئارا بىرلەشكەن كۈچ. باشقۇرۇش ياخشى بولسا ئومۇمىي ئۈنۈم ئادەتتىكى ئومۇمىي مىقداردىن، ئاددىي يىغىندىدىن چوڭ بولىدۇ. $2 = 1+1$ بولماستىن بەلكى $2 < 1+1$ بولىدۇ.

مەكتەپنىڭ تەربىيىلەش نىشانى — بارلىق خىزمەتلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى، شۇنىڭدەك مەكتەپتىكى بارلىق تارماق، سىستېما، ئايرىم قىسىم، ھەتتا ھەر بىر كىشىنىڭ مەركەزلىشىش نۇقتىسى بولۇشى لازىم. ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش، خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش يولىغا قويۇلۇشى كېرەك. مەكتەپ خىزمىتىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مەركىزىي مەسىلە نىشاننىڭ ئېنىق، توغرا بولۇشىدىن ئىبارەت. مەكتەپ بىر پۈتۈن گەۋدە. لېكىن ئۇ كۆپ تارماق ۋە تەرەپلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى، مۇھىم - مۇھىمسىزلىقى، جىددىي - جىددىي ئەمەسلىكى ئوخشىمايدۇ. ئانچە مۇھىم ئەمەس، يېنىكرەك، ئاددىراق دەپ ئايرىم تارماق ياكى قىسىملارغا سەل قاراش خاتا. لېكىن ئۇلارنى پەرقلەندۈرمەي ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشمۇ خاتا. ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى

نەزەردە تۇتۇپ، ھەممە تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، كۈچلەرنى تەشكىللەش، ئومۇمىي گەۋدىنىڭ تەرەققىياتىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەكتەپنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ئىچىدە ۋە پۈتۈن تەلىم-تەربىيە جەريانىدا ئوقۇتۇش خىزمىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا مەكتەپ خىزمىتىدە ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىش، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، ئارقا سەپ، سىياسىي — ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىش، ئىلمىي تەتقىقات ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئارقا سەپ خىزمىتىدە شەرت - شارائىتنى ياخشىلاش، ماددىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش، سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت ئارقىلىق پۈتۈن خىزمەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. بارلىق رەھبەرلەر، ھەر قايسى ساھەلەر، بارلىق يولداشلار ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشى، ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش لازىم.

تەلىم — تەربىيە خىزمىتىنى قائىدە-تۈزۈملەشتۈرۈش، تۈزۈلگەن قائىدە-تۈزۈملەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم.

3. بارلىق ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ئاممىۋىيلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پىرىنسىپى. ئاممىۋى لۇشيەن پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئاساسىي لۇشيەنلەرنىڭ بىرى. ئاممىدىن كېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. بۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىدە زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن بەلكى مەكتەپ خىزمىتىدىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر. پارتىيىنىڭ 13- قۇرۇلتىيى ئىجتىمائىي مەسلىھەت ۋە سۆھبەت تۈزۈمىگە ئايلاندۇرۇش چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە ئاممىنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاش، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. مەكتەپ خادىملىرى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى — خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلاردىن، باشقۇرغۇچى ۋە باشقۇرۇلغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان. گەرچە بۇلارنىڭ ئورنى ۋە رولى ئوخشاش بولمىسىمۇ مەكتەپ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئاكتىپلىقىنى جارى قىلىشقا تايىنىدۇ. بۇ ئىش ياخشى ئىشلەنمىسە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يېتىشى، ھەتتا قالاق كۈچكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەر خىل چارە — تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بارلىق يولداشلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا تىرىشىش لازىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاممىۋى يولدا مېڭىش، ئاممىغا ئىشىنىش ۋە تايىنىش لازىم. بۇنداق نۇقتىئىنەزەر تۇرغۇزۇش، مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم شەرتى. ئالىي مەكتەپلەر ئاممىۋى لۇشيەننى ئىجرا قىلىشتا ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساس قىلغان پەن — تېخنىكا خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زىيالىيلارغا تايىنىپ دېموكراتىك مەكتەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش لازىم. مەكتەپنىڭ تەربىيىلەش نىشانى — ئوقۇ-

تۇش پىلانى، پەن تەتقىقات تۈرلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، زىيالىيلارنىڭ تىرىشىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ ئەمگەكچىلىكىنى ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاش لازىم. «ئىجتىمائىي مەسلىھەت، سۆھبەت» تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مەكتەپنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە ئاممىنىڭ پىكىرىنى ئېلىشنى قەتئىي ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر يىغىنىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا چاقىرىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئاممىۋى دېيىلىق پىرىنسىپى بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش پىرىنسىپى بىردەكلىككە ئىگە. مەكتەپ ئاممىغا تايىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ يېتەكلىشى، بۇيرۇقۋازلىقتىن ساقلىنىشى، قۇيرۇقچىلىقتىن ھەم ساقلىنىشى، ئوقۇتقۇچىلارغا، بارلىق خىزمەتچىلەرگە ئوخشىمىغان تەلەپلەرنى قويۇشى، يۈرەكلىك تەشكىللىشى، تەربىيىلىشى لازىم. تەكشۈرۈپ سىناش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش، تەقدىرلەش، جازالاش قاتارلىق خىزمەت تەلەپلەرنى چىڭ تۇتۇشى، دۆلەت ۋە مەكتەپنىڭ تۈزۈملىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى لازىم.

4. تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇش پىرىنسىپى. تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ مائارىپقا قويغان مۇھىم تەلىپى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى. مەكتەپ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى، ۋاقىت ۋە ئۇچۇرلارنى تېجەشلىك بىلەن باشقۇرۇشى، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىشنى قەتئىي توسۇشى لازىم. كەڭ ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرگە تىرىشچان، ئىقتىسادچان بولۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر، ئىزچىل، ئۇزۇن مۇددەت ئېلىپ بېرىش لازىم.

مەكتەپنىڭ كەسپىي ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش راسخوتىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ، ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان، رولىنى تولۇق جارى قىلالايدىغان ئورۇنغا سەرپ قىلىش، قىلىنغان ئىشلارنىڭ سۈپەتلىك، پۇختا، ئەپلىك، كۆركەم، ئۈنۈملۈك، ئەرزان بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش كېرەك. كۆلىمى ئوخشاش سەرپ قىلىنغان ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچمۇ ئوخشاش بولغان مەكتەپلەرنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى، ئادەم تەربىيىلەش نەتىجىسىدە پەرق بولىدۇ. ھەتتا خېلى زور پەرق بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەمەلىيەتتە باشقۇرۇشتىكى، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇش پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى پەرق، شۇڭا بۇ ئىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئەڭ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. «نىشان — ھەرىكەت — نەتىجە» مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ئادەتتىكى جەريانى، كۆپلىگەن خىزمەتلەر ئارقىلىق نىشان بىلەن نەتىجە بىردەك بولسا ئۈنۈملۈك بولغان بولىدۇ. لېكىن بۇ نەتىجە بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، نەتىجىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەندىن دەرىجىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. لېكىن


Altunoq

دۇ. تەلەپنى ئەقىلغا مۇۋاپىق دائىرىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەشتە ئوخشاش سەرپىيات بىلەن (ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ، ۋاقىت ۋە باشقىلار) كۆپرەك ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى، ئازراق سەرپىيات بىلەن ئوخشاش ئۈنۈم قازىنىشنى، ھەتتا چوڭراق ئۈنۈم قازىنىشنى تەكىتلەش لازىم.

تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش پىرىنسىپىنى يولغا قويغاندا، مەكتەپلەر يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ كىرىم تاپلاش، دۆلەتنىڭ سېلىقىنى كېمەيتىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇ- تۇش، ئۆگىنىش خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش، زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى يولغا قويۇش كېرەك. دۆلەت پىلانىنى ئورۇنلاش، ئوقۇش - ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا تېخنىكىلىق خىزمەت قىلىش، تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللىنىش، ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇش لازىم.

5. مەكتەپنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پىرىنسىپى. ئالىي مەكتەپلەر بىر تەشكىلىي كوللېكتىپ، يۇقىرىدا مەكتەپ، ئوتتۇرىدا فاكۇلتېت، باشقارما، تۆۋەندە كافېدرا، بۆلۈملەر بار. يۇقى- رى-تۆۋەندىن ئىبارەت قاتلامغا ئىگە ھەر قايسى تارماق ۋە قاتلاملار ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك. بۇلار بەلگىلىك تۈزۈلمە شەكلىدە بىرىكىپ، باشقۇرۇش پائالىيىتى ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەكتەپ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى ياكى مۇۋاپىقسىز بولۇشى، ئورگانلارنىڭ ساغلام-ساغلام ئەمەسلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇش-بولماسلىقىنىڭ خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە رولى چوڭ بولىدۇ. تەشكىلىي ئاپپاراتلاردا يۇقىرى-تۆۋەن تۇتاشقۇسىز بولۇش، ئوڭ-سول ئۆز ئارا ماسلىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. تارماق ۋە قاتلاملاردا ۋەزىپىسى ئۆز ۋاقتىدا سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىنغان ئاساستا ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىدىغان باشقۇرۇش ئىقتىدارى بولغاندا، ئۇلار بىر مەركەزگە توپلانغاندا ئومۇمىي خىزمەت ئۈنۈملۈك بولىدۇ. مەكتەپ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم:

پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئالىي مەكتەپلەردە ئاكتىپ شەرت - شارائىت ھازىرلاپ مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش. بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولى، مەمۇرىيەتنىڭ قوماندانلىق رولىنى جارى قىلىش لازىم. پارتىيە- نىڭ مەكتەپلەرگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن- سىياسەتلىرىنى، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى، قارارلىرىنى مەكتەپلەردە قەتئىي، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. چوڭ ئىشلار پارتىيە كومىتېتى يىغىنىدا قارار قىلىنىشى لازىم.

مەكتەپنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرى مەكتەپ مۇدىرى رەھبەرلىكىدە مەك- تەپنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ئارقىلىق ئىشلىنىشى، پارتكوم بۇنى قوللىشى ۋە ئۇ- نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلىشى لازىم. شۇڭا مەمۇرىي تۈزۈلمىنى ياخ-

شى قۇرۇش، ساغلاملاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، كادىرلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئېنىق بەلگىلىمە بولۇشى لازىم.

ۋەزىپە، ھوقۇق، مەسئۇلىيەت تىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، بۇنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش لازىم. ۋەزىپىگە بەلگىلەنگەن ئىكەن ھوقۇق يۈرگۈزۈش، مەسئۇل بولۇشى لازىم. ۋەزىپىگە بەلگىلەپ ھوقۇقنى بەرمەيدىغان، مەسئۇلىيەت تەلەپنى ئارتمايدىغان، ياكى ھوقۇق، مەسئۇلىيەت ئۈستىدە تىرىشمۇ ئاكتىپ ئىشلىمەيدىغان ئەھۋاللارنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. ئەخلاق قائىدىسى، قابىلىيەت تەلىپى، تەرەشچان كادىرلارنى يۇرەكلىك ھالدا ئىشلىتىش لازىم. تارماقلارنىڭ خىزمەتتە ئىمىدىسى، مەسئۇلىيىتى ئېنىق بولۇشى، مەسئۇلىيەت كىشى بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، قوشۇن خىل، تولۇق بولۇشى، مۇكاپات تالاش، جازالاش تۈزۈملىرى بولۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى لازىم. ئاپپاراتلار كېلەڭسىز بولۇش، ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇشتەك ناموۋاپىق ئەھۋاللار تۈزىتىلىشى لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ماددىي تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» بويىچە شەرت - شارائىتقا قاراپ مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش... ئادەم سانى كۆپ بولمىغان ۋە ئىناۋەتلىك ئىگە بولغان مەكتەپ ھەم مەكتەپ يىغىنىدا سىناق قىلىش، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتچىلىك، ماسلىشىش رولىنى تولۇق جارىي قىلىپ سىياسەت بەلگىلەشنى پۇختا ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم.

6. ئىسلاھ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، مەكتەپنى جەمئىيەت تىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش پرىنسىپى. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، بىلىمنىڭ كېڭىيىشى ۋە يېڭىلىنىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرماقتا. دۆلىتىمىزنىڭ ماددىي، پەن-تېخنىكا ئەھۋالى بولسا ھېلىھەم ئارقىدا تۇرماقتا. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇش - ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. مەركىزىمىزنىڭ ماددىي تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى قارارىدا: «ئالىي ماددىي قۇرۇلمىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ۋە پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش لازىم.»، «ئالىي ماددىي قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە دەرسلىكتىكى ماتېرىياللىرىم ۋە تارىخىي ماتېرىياللىرىم ئىددىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى، ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە» دەپ كۆرسەتتى. مەركىزىمىز بۇ يوليورۇقلىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئىسلاھاتنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئوقۇش - ئوقۇتۇش ھالقىلىرىدىچە كېڭەيتىشنى، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنىچوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەركىزىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جانلاندۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

(1988 - يىلى، مارت)

# نەسىرىددىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ھەققىدە مېنىڭ قاراشلىرىم

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

## I

يۇگوسلاۋىيە يازغۇچىسى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئىۋان سوپ ئۆزىنىڭ «خوجا نەسىرىددىن — خەلق رىۋايەتلىرىدىكى يۇمۇر سەنئىتىنىڭ قەھرىمانى» دېگەن ماقالىسىدا نەسىرىددىن ئەپەندى نامىنىڭ ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن باغلىق بولغان لەتىپىلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى ھەققىدە توختىلىپ: «نەسىرىددىن (ئەپەندى) لەتىپىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلارنى 40 تىن ئارتۇق مىللەتنىڭ تىلىدا ئاڭلىغىلى بولىدۇ» دەپ يازغانىدى.

نەسىرىددىن ئەپەندى نامىنىڭ ۋە نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، ئەرەب سەھرالىرى، ئىران ئېگىزلىكى، كاۋكازىيە، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى ۋە بالقان يېرىم ئارىلى قاتارلىق رايونلاردىكى ھەر قايسى مىللەت، ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقىنىغا نەچچە ئەسىر بولدى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەر قايسى ئەللەردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ، تۈركشۇناسلارنىڭ، تۈركىيە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 1909-يىلى ئىستانبۇلدا نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ توپلىمى مىخ مەتبەدە بېسىلىپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئەللەردە نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەخسۇس توپلاملىرى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. پەقەت تۈركىيىدىلا ئون نەچچە خىل نۇسخىدا نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى نەشر قىلىندى. بارا-بارا دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللارغىمۇ نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى تەرجىمە قىلىندى. تەرجىمە ئارقىلىق نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشىنىڭ كۆپىيىشى ۋە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ پۈتۈن دۇنيا خەلقى دېگۈدەك نەسىرىددىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى بىلەن تونۇشتى. نەسىرىددىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى چېۋەرلىكى، دانالىقى ۋە قىزىقچىلىقى بىلەن ھەممە ئەللەرگە تونۇلۇپلا ئەمەس، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

نەسىرىددىن ئەپەندى نامىنىڭ ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، دۇنياۋى خاراكتېر ئېلىشىغا ئەگىشىپ، نەسىرىددىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان، تونۇشلۇقى بار مىللەت ۋە ئەللەردە، تېخى يېقىندىلا تونۇشقان مىللەت ۋە ئەللەردە نەسىرىددىن ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ «ئاجايىپ ئادەم» گە ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىگە تېخىمۇ قىزىقىشتى، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا نەسىرىددىن ئەپەندى ۋە نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە لەتىپىلەر بىلەن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەھۋاللىرىنى ئۆز ئارا تونۇشتۇرۇشتەك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان «نەسىرىددىن ئەپەندى قىزغىنلىقى» شەكىللەندى.

ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان لەتىپىلەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان نەسىرىددىن ئەپەندى زادى تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخسمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ نامىغا توپلانغان لەتىپىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىرلا شەخسنىڭ ئىجادىيىتىمۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ھەممىلا ئادەم قىزىقىدىغان مەسىلىلەر بولسىمۇ، تېخى ھازىرغىچە كىشىلەر قانائەتلىنەلىگۈدەك جاۋابلار ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

تۈركىيە ئالىملىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ نەسىرىددىن ئەپەندى ھەققىدە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمۇ خېلى كەۋدىلىك بولۇپ، تۇنجى قېتىم نەسىرىددىن ئەپەندى ھەققىدىكى تەلىمات «تۈركىيە تەلىماتى»نى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، نەسىرىددىن ئەپەندى (خوجا نەسىرىددىن) ھىجرىيىنىڭ 605- يىلى (مىلادى 1208-، 1209- يىللىرى)، تۈركىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىۋرىھىسار شەھىرى ئەتراپىدىكى خورتو دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا بولۇپ، مەسچىتلەردە ئىماملىق قىلغان. كېيىنچە خوجا نەسىرىددىنمۇ دادىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ مەدرىسلەردە ئىماملىقمۇ قىلغان. ئۇ، ھىجرىيە 635- يىلى (مىلادى 1237-، 1238- يىللىرى) تۈركىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقشەھەر شەھىرىگە بېرىپ، شۇ يەردە ياشاپ ھىجرىيە 683- يىلى (مىلادى 1284-، 1285- يىللىرى) 76 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەۋرىسى تۈركىيىلىكلەرنىڭ تاۋابگاھىغا ئايلانغان.

كېيىنكى چاغلاردا ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى ھەر قايسى ئەللەرگە ۋە ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئەللەرگە تونۇشتۇرۇلغان. نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى تۈركىيىدە نەشىر قىلىنغان لەتىپىلەرنى ئاساس قىلغاچقا ۋە نەسىرىددىن ئەپەندىمۇ بۇ ئەللەرگە تۈركىيىلىكلەرنىڭ قارىشى بويىچە تونۇشتۇرۇلغاچقا، نەسىرىددىن ئەپەندىنى تۈركىيىلىك، دەپ قاراش دۇنيادا خېلىلا ئومۇملىشىپ قالدى.

ئەمما نەسىرىددىن ئەپەندىنى ئۆز مىللىتىدىن چىققان دەپ، ئۆزىگە تۇغقان ھېسابلايدىغان ئورغۇنلىغان مىللەت ۋە ئەللەردە تۈركىيىلىكلەرنىڭ نەسىرىددىن ئەپەندى قارىشىغا قوشۇلمايدىغانلار يوق ياكى ناھايىتى ئاز. چۈنكى، بۇ مىللەتلەرنىڭ

ۋە ئەللەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىگە شۇنچە تونۇش ۋە ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ نامى بىلەن لەتىپىلىرى ئەنئەنىۋى مىراس سۈپىتىدە ياد لىنىپ كېلىۋاتقان بۇنداق «يېقىن»، ئادىمىنىڭ «باشقىلارنىڭ بولۇپ كېتىشى»نى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مىللەتلەر ۋە ئەللەرنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا نەسردىن ئەپەندىنى «ئۆزىمىزنىڭ» دەپ قاراشتا ئاساسلىنىدىغان قاراشلىرى ۋە پاكىتلىرى بار. مەسىلەن: ئۆزبېكلەر: «نەسردىن ئەپەندى بۇخارالىق بولۇپ، شىر مۇھەممەت ئىسىملىك ئۆزبېكنىڭ بالىسى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇخاراغا مۇناسىۋەتلىك لەتىپىلىرى كۆپ» دەپ نەسردىن ئەپەندىنى بۇخارالىق ئۆزبېك قىلىشقا تىرىشىدۇ. تاجىك - پارسلار بولسا: «نەسردىن ئەپەندى خوجەند (ھازىرقى تاجىكىستان تەۋەسىدىكى لېنىن ئاباد)لىق ئادەم، بۇ يەردە ئۇنىڭ قورۇسى، ئۆي، ئۆز قولى بىلەن قويغان دەل - دەرەخلەر، يەنە تېخى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان خوجا نەسردىن كۆۋرۈكى، خوجا نەسردىن ئېرىقى، خوجا نەسردىن كۆلى... قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەسردىن ئەپەندى نامىدىكى لەتىپىلەر تاجىك - پارسلارغا ناھايىتى تونۇشلۇق، بۇلار نەسردىن ئەپەندىنىڭ تاجىك - پارس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ» دەپ قارىشىدۇ. تۈركمەنلەرمۇ ۋە باشقا بىر مۇنچە تۈركىي مىللەتلەرمۇ نەسردىن ئەپەندىنى ئۆز مىللىتىگە تەۋە قىلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كاۋكازىيە ۋە ئوتتۇرا، يېقىن شەرق ئەللىرىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەردىمۇ نەسردىن ئەپەندى ھەققىدىكى لەتىپىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارمۇ نەسردىن ئەپەندىنى ھەرگىز باشقا بىر ئەل، باشقا بىر مىللەتكە تەۋە دەپ قارىمايدۇ.

ئەمدى ئەرەبلەرگە كەلسەك، 10- ئەسىردە ئەرەبلەردە جوھا ئىسىملىك بىر لەتىپىچى ئۆتكەن. ئۇ كۇفە (ھازىرقى ئىراق تەۋەسىدە)دە تۇغۇلغان بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ گازا بىننىسا بىنت. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ، ئىنتايىن قىزىقچى، سۆزمەن ئادەم بولۇپ، نۇرغۇن لەتىپە ئىجاد قىلغانىكەن. 10- ئەسىردە ياشىغان باغدادلىق ئالىم ۋە كاتولوگشۇناس خادىم ئۆزىنىڭ «كىتابلار كاتولوگى» ناملىق كىتابىدا «جوھا لەتىپىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئىسمىنى يازغان. دېمەك، 10 - ئەسىردە ئەرەبلەردە «جوھا لەتىپىلىرى» كىتاب ھالىتىگە كەلگەن. «جوھا لەتىپىلىرى» شۇندىن باشلاپ يەنە ئىرانلىقلار، مىسىرلىقلار ئارىسىغا، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى بىر قىسىم جايلارغا، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىشقا باشلىغان. شۇڭا ئەرەبلەر ۋە باشقا بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار نەسردىن ئەپەندى ھەققىدىكى بارلىق لەتىپىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى نۇقۇل ھالدىلا جوھا لەتىپىلىرىگە باغلايدۇ. ئەرەبلەر ھەتتا نەسردىن ئەپەندىنى ئۆزىنىڭ جوھاسى بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ، ئۇلارنى بىر ئادەم دەپ قارايدۇ ۋە بۇ «ئادەم»نى «خوجا نەسردىن ئەپەندى جوھا» دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر جوھا لەتىپىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا نەسردىن ئەپەندى نامى بىلەن، ئەرەبلەردە جوھا نا-

مى بىلەن ئاتىلىدۇ، دەپ قاراپ، ئەسىردىن ئەپەندى بىلەن جوھا ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم، ئەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بىلەن جوھا لەتىپىلىرى ئەمەلىيەتتە جوھا لەتىپىلىرىنىڭ ئىككى خىل نام بىلەن تارقالغان نۇسخىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلارغا قاراپ بىز، ئەسىردىن ئەپەندىنىڭ ھەممە مىللەت «مېنىڭ» دەپ تالىشىدىغان، ئەمما ھېچقايسىسى باشقىلارنى قايىل قىلىپ «مېنىڭ» قىلىۋالالمايۋاتقان، شۇنداقلا يەنە «سېنىڭ»مۇ دېيىشتىن ئەيمىنىدىغان «ئاجايىپ ئادەم» ئىكەن دېگەن قاراشقا كېلىمىز.

ئەگەر بىز ئەسىردىن ئەپەندىنى «تالىشىۋاتقان» بۇ مىللەتلەرنىڭ لەتىپىلىرىنى (مەيلى ئۇ كىمنىڭ نامى بىلەن ئاتالمىسۇن) ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز. چۈنكى، بۇ مىللەتلەر لەتىپىلىرىدە ئوخشاشلىققا ئىگە بولغان لەتىپىلەرنىڭ سانى ۋە ئوخشاشلىق دەرىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مىسال ئۈچۈن بىز بىر گۇرۇپپا لەتىپىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى:

## پادىشاھنىڭ باھاسى

(ئۇيغۇرلارنىڭ)

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم قېنى بىر ھەققانى باھالاپ كۆرىڭا، مېنىڭ قەدىر قىممىتىم نەچچە باھا بولار!

ئەپەندىم ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— تەقسىر، قەدىر - قىممىتىلىرى 50 تىللادىن ئاشمايدۇ!

پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— قانداق پاراسەتسىز ئادەمسىز؟ — دەپتۇ غەزەپ بىلەن،

— بېلىمدىكى ئالتۇن كەمەرنىڭ ئۆزىلا 50 تىللاغا توختايدۇ.

— شۇنداق تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئالتۇن كەمەرلىرى بولغانلىقتىن شۇ باھانى ئېيتتىم، بولمىسا ئۇستەك بىر دىسمىز دېمەكچىدىم.

«ئەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» 115-بەت.

## خوجا ئەسىردىن بىلەن تۆمۈر مۇنچىدا

(تۈركمەنلەرنىڭ)

خوجا ئەسىردىن بىلەن تۆمۈر مۇنچىغا بېرىپتۇ. تۆمۈر خوجا ئەسىردىندىن سوراپتۇ:

— ئەگەر مەن ئادەتتىكى ئادەم بولغان بولسام قانچە ئاقچىغا يارىغان بولاتتىم؟

خوجا ئەسىردىن دەپتۇ:

— 50 ئاقچىغا يارىغان بولاتتىڭىز.

تۆمۈر غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ھۇ ھاماقەت، مېنىڭ مۇشۇ تۆگمەملا 50 ئاقچىغا يارىمامدۇ!

خوجا نەسىرىددىن تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— راست گەپنى قىلغاندا، مەنمۇ دەل ئاشۇ تۆگمىنىلا ھېسابلىمىدىم.

«خوجا نەسىرىددىن لەتىپىلىرى» (خەنزۇچە) 84- بەت

## نەرقىم قانچە بولار

( ئەرەبلەرنىڭ )

كۈنلەرنىڭ بىرىدە جوھا تۆمۈرلەڭ بىلەن مۇنچىدا بىر بولۇپ قاپتۇ. تۆمۈرلەڭ جوھادىن:

— جوھا، ئەگەر مەن قۇل بولۇپ قالسام، سىزنىڭچە نەرقىم قانچىلىك پۇل بولا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭچە ئەللىك دىرھەم بولار — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جوھا.

تۆمۈرلەڭ غەزەپ بىلەن:

— نېمە دەۋاتىسىز؟ مېنىڭ ماۋۇ بىر دانە لۆڭگەممۇ ئۇنىڭدىن جىق پۇلغا يارار، سىز ئادىل ئادەم ئەمەسكەنسىز — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— تەخسىر، — دەپتۇ جوھا ئالدىرىماي — تېنىمەي — ئەللىك دىرھەم دېگىنىم دەل ئەشۇ لۆڭگىڭىزنىڭ نەرقى — دە!

«جوھا لەتىپىلىرى» 74- بەت.

## ئامبالنىڭ قىممىتى

( پارسلارنىڭ )

چېچەنلىكتە مەشھۇر بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئامبال بىلەن ھاممامدا بىرگە بولۇپ قاپتۇ، ئامبال ئۇنى گەپكە سالماقچى بولۇپ:

— شۇ تاپتا مېنىڭ قىممىتىم قانچە بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىممىتىڭىز ئەللىك كۆمۈش تەڭگە بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چېچەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەپرايى ئۆرلىگەن ئامبال كانىيىنى كېرىپ ۋارقىراپتۇ:

— مەن يۇيۇنۇۋاتقان مۇشۇ مەسىس داستىنىڭ ئۆزىلا ئەللىك كۆمۈش تەڭگىگە يارىمامدۇ.

— شۇنداق، مېنىڭ دەۋاتقىنىممۇ مۇشۇ داستىنىڭ قىممىتى — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چېچەن.

«پارس لەتىپە ۋە يۇمۇرلىرى» 45- بەت.

# I

ئۇيغۇرلاردا نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر لەتىپىچىسى، قىزىقچىسى ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق لەتىپىلىرىنىڭ نەسىردىن ئەپەندى نامىغا توپلانغانلىقى، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بۇ قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ھەققىدىكى توپۇزلۇق قاراشلىرى بولۇپ، تەتقىقات ئەسەرلىرىدە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرىدە بۇ قاراشلار ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ چەت ئەللەردە نەسىردىن ئەپەندى ۋە نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلار بولۇپمۇ تۈركىيەلىكلەرنىڭ قارىشى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇنداق تونۇشتۇرۇشلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە قايتىلىنىشى بىلەن نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ھەققىدە كېلىشتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان ئىككى خىل كۆز قاراش ئوتتۇرىغا چىقتى. بىر خىل قاراشتىكىلەر ئۇيغۇرلاردىكى نەسىردىن ئەپەندى قارىشىنى قوللىدى. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر چەت ئەللەرنىڭ نەسىردىن ئەپەندى قارىشىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «نەسىردىن ئەپەندى بىزدە ئۆتمىگەن»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى كېيىنچە چەت ئەللەردىن ئېقىپ كىرگەن»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى جوھا لەتىپىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن»... دېگەندەك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئىلگىرى سۈرۈلدى. نەتىجىدە ئالدىمىزغا ياكى يېتەرلىك ئاساسلار، پاكىتلار بىلەن ئۆزىمىزنىڭ نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى چەت ئەللەردىكى قاراشلارنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم بىر تاللاش قويۇلدى، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ نامىدىكى لەتىپىلەر ھەققىدە جۇملىدىن نەسىردىن ئەپەندى بىلەن ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرۈش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

لەتىپىلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردا قاچاندىن تارتىپ بارلىقى ھەققىدە بىز ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ ھەقتە پەقەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ھەققىدىكى كىتابلاردا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدىكى دەرسلىكلەردە، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ھەققىدىكى مەخسۇس ئەسەرلەردە خۇلاسە خاراكتېرىدىكى مۇنداق بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «بىزگە مەلۇمكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن لەتىپىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۈلكىلىك قىسقا ھېكايىلەر قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلىشىپ، مۇكەممەللىشىپ نەسىردىن ئەپەندى نامى بىلەن تارقالغان لەتىپىلەر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا تەخمىنەن 10 - ئەسىرلەردىن كېيىن كۆرۈلۈشكە باشلىدى»[1]. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى غەزىنىسىدىكى نەسرى تۈرگە مەنسۇپ بولغان... لەتىپىلەرنىڭ تارىخى خېلىلا ئۇزاق بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان»[2]. «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا قەدىمكى دەۋر-

دىن تارتىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم قىسقا كۈلكىلىك ھەجۋى ھېكايىلار ئاساسىدا بارلىققا كېلىپ، 10 - ئەسىردىن تارتىپ تارقىلىشقا باشلىغان»③. يۇقىرىدىكى نەقىللەردىن شۇنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇرلاردا لەتىپە ژانىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىدى، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رەسمىي لەتىپە ژانىرى شەكىللەندى، 10 - ئەسىرلەردە رەسمىي گۈللىنىشكە ۋە كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى.

«نەسىرىددىن ئەپەندى» دېگەن بۇ ئىسىم ھەققىدە ئۇيغۇرلاردا مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: بىرسى، نەسىرىددىن ئەپەندى تارىختا ئۆتكەن رېئال ئادەم بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ لەتىپىچىسى. كېيىنچە يەنە باشقا قىزىقچىلار ۋە خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان لەتىپىلەرمۇ ئەشۇ نەسىرىددىن ئەپەندى ئۈستىگە توپلىنىپ، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، مۇشۇ ئاساستا نەسىرىددىن ئەپەندى ئوبرازى شەكىللەنگەن دېگەن قاراش. يەنە بىرسى، نەسىرىددىن ئەپەندى تارىختا ئۆتمىگەن. خەلق مۇشۇنداق بىر ئىسىمنى توقۇپ چىقىرىپ بارلىق قىزىقچىلىقلارنى، لەتىپىلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىگە توپلاپ، نەسىرىددىن ئەپەندىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، دېگەن قاراش. لېكىن مەيلى قايسى خىل قاراشتىكىلەر بولسۇن ھەممىسىلا ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىدىكى نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئىكەنلىكىنى، نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىقچىسى، لەتىپىچىسى ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە شۇنداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى كۆپىنچە نەسىرىددىن ئەپەندى نامىغا توقۇلغاچقا ئۇنى نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى دەپ ئاتاش ئادەت بولغان. نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بېيىماقتا ۋە پىشىپ بارماقتا»④. «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ باش قەھرىمانى نەسىرىددىن ئەپەندىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن لەتىپىلا بولىدىكەن نەسىرىددىن ئەپەندىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىك تىپقا مەركەزلىشىدۇ»⑤
«كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھەر بىر تارىخىي دەۋردە خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بارلىق يۇمۇرىستىك ھېكايىلارنى ئەنە شۇ نەسىرىددىن ئەپەندى نامىغا توقۇپ، ئۇنى يۇكسەك بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، خەلق فولكلورىمىزدىكى ئالەمشۇمۇل بىر بەدىئىي تىپقا ئايلاندۇرغان»⑥ بۇ نەقىللەرنى ئومۇملاشتۇرساق، مۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ: مەيلى نەسىرىددىن ئەپەندى تارىختا ئۆتكەن بولسۇن ياكى ئۆتمىگەن بولسۇن ئۇيغۇرلاردا نەسىرىددىن ئەپەندىدەك قىزىقچى، خۇشچاقچاق، لەتىپىچى ئادەملەر ئۆتكەن. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قىزىقچىلىقلىرىنى يۇمۇرىستىك ھېكايە-لەتىپىلىرىنى نەسىرىددىن ئەپەندىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئوبراز ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرگەن. شۇڭا نەسىرىددىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، خەلقىمىزنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە، بېيىپ بارماقتا. مانا كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، ئۇيغۇرلاردىمۇ نەسىرىددىن ئەپەندى ئۇي-

غۇر، نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىدۇر،
دېگەن قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا.

## III

سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈركىيىلىكلەرنىڭ نەسىرىدىن ئەپەندى ھەققىدىكى قاراشـ
لىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ تەلىماتقا قوشۇلغان بولاـ
سىمۇ، بىراق خېلى كۆپ تەتقىقاتچىلار بۇ قاراشلارغا قوشۇلمايدىغان باشقىچە پىـ
كىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، سوۋېت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى گاپوـ
روتوۋ نەسىرىدىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ھەققىدە بىر قانچە يىل تەتقىقات
ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتە باشقىچە بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆز كۆز قاـ
رىشىدا نەسىرىدىن ئەپەندىنى تۈركىيىلىك دېگەن قاراشقا قوشۇلمايلا قالماستىن،
بەلكى يەنە نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ 13 ـ ئەسىردە ياشىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشـ
نىمۇ ئىنكار قىلغان. ئۇ نەسىرىدىن ئەپەندى ۋە ئۇ ياشىغان دەۋر ھەققىدە توختالـ
غاندا مۇنداق دېگەن: «ئېھتىمال 8 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە شەرقتىكى ھەر مىللەت خەلقى
ئەرەب ـ ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان مەزگىللەردە نەسـ
رىدىن ئەپەندى دۇنياغا كەلگەن… خەلىپە ھارۇن رەشىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزـ
گىللەردە (786ـــ890) خوجا نەسىرىدىن دېگەن بىر ئادەم كارامەت مەزھەپىدىكىلەرگە
باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. قوزغىلاڭ مەزگىلىدە ئۇ ساراڭ قىياپىتىگە كىـ
رىۋېلىپ… لەتىپە سۆزلەش بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرىنى مەسخىرە قىلغان» ⑦ گاپوروـ
توۋ ئۆزىمۇ بۇ رىۋايەتنىڭ مۇتلەق ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ،
بىراق تارىختىكى نەسىرىدىن ئەپەندى بەلكىم ئەشۇ «ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ
لەتىپە سۆزلەش بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرىنى مەسخىرە قىلغان» ئادەم شۇ بولۇشى مۇمـ
كىن، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

13 ـ ئەسىردە تۈركىيىدە ياشىغان «نەسىرىدىن ئەپەندى» ھەققىدە بولسا گاپوـ
روتوۋ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «نەسىرىدىن ئەپەندىنى تۈركىيىلىك دەپ قاراش سىـ
نىپىي ۋە ئىجتىمائىي ماھىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئەكسىيەتچى دىنىي ساھەدىكىلەر نەسـ
رىدىن ئەپەندىدەك بۇنداق خەلق ئاممىسى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدىغان بۇ ئىسىمـ
دىن ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلانغان»⑧ گاپوروتوۋ يەنە تۈركىيىدىكى نەسىرـ
دىن ئەپەندى بىر دىنىي زات بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا خەلق ئۇنىڭ قەۋرىلىرىنى تاكى
ھازىرغىچە تاۋاپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

گاپوروتوۋ نەسىرىدىن ئەپەندىنى كارامەت قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىپ قوزغىـ
لاڭ كۆتەرگەن ئادەم بىلەن باغلاپ ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراش پەقەت پەرەز ئاـ
ساسىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. بىراق تۈركىيىدىكى نەسـ
رىدىن ئەپەندى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قارىشى خېلى قايىل قىلارلىق.
چۈنكى، تۈركىيە ئالىملىرى تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان
نەسىرىدىن ئەپەندى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ

دادىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئىمام بولۇپ قالغانلىقى، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى بولۇپ تونۇلغانلىقى، يەنە مەدرىسلەردە مۇدەررىسلىك قىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەتتا نەسىردىن ئەپەندىنىڭ يېتىشكەن ئىلاھىيەتشۇناس، سوفىزمنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. دېمەكچىمىزكى، تۈركىيىدە 13 ـ ئەسىردە ياشىغان نەسىردىن ئەپەندى (خوجا نەسىردىن) خەلق ئاممىسىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان خەلق قىزىقچىسى، لەتىپىچىسى نەسىردىن ئەپەندى بولماستىن، بەلكى دىنىي ئىلىمدە يېتىشكەن، ئىلاھىيەتشۇناس ئالىم بولۇشى مۇمكىن.

نەسىردىن ئەپەندى بىلەن جوھانىڭ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بىلەن جوھا لەتىپىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بىز سېلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بىلەن جوھا لەتىپىلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ جەھەتلەردە ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدۇق. مەيلى ئۇيغۇرلاردىكى ياكى ئۆزبېكلەردىكى ۋە ياكى تۈركىيىدىكى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بىلەن جوھا لەتىپىلىرى ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئورتاق لەتىپىلەر ئىنتايىن كۆپ. بۇ ئورتاقلىق ھەرگىزمۇ بىر قىسىم تەقلىدچىلەر ئېيتقاندەك، جوھا لەتىپىلىرىنىڭ تارقىلىشى بىلەنلا ئۇيغۇرلاردا لەتىپىلەرنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بولالمايدۇ، شۇنداقلا تۈركىي مىللەتلەر لەتىپىلىرى جوھا لەتىپىلىرىدىن مەنبە قىلىنغان دېگەن قاراشنىڭمۇ پاكىتى بولالمايدۇ. چۈنكى بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل ئەدەبىي ژانىرنىڭ شەكىللىنىشىنى نۇقۇل ھالدا باشقا بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى شۇ خىل ژانىرنىڭ كۆچۈرۈپ كېلىنىشىگىلا ياكى تەسىرىگىلا باغلاپ قويۇش ئىلمىيلىك ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىي مىللەتلەر لەتىپە، قىزىقچىلىققا ئاجايىپ باي بولۇپ، قىزىقچىلىق، خۇشچاقچاقلىق بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر ئېسىل ئەنئەنىسى، شۇڭا لەتىپە ژانىرىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ لەتىپىلىرى تەسىرىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراش زادى توغرا ئەمەس. نەسىردىن ئەپەندى نامىنى جوھانىڭ نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېلىش پەقەت كېيىنكى مەزگىللەردىكى بىر قىسىم تەقلىدچىلەرنىڭ ئىشى. 17 ـ ئەسىردە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئەرەبلەرگە تونۇشتۇرۇلغاندا نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆزلىرىدىكى جوھادەك قىزىقچى ۋە لەتىپىچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ نەسىردىن ئەپەندىنى «كىچىك ئاسىيانىڭ جوھاسى» دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «نەسىردىن ئەپەندى» دېگەن بۇ ئىسىم ئەرەبلەرگە ئانچە تونۇش ئەمەس. ئەرەپ لەتىپىلىرى ئادەتتە نەسىردىن ئەپەندى نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى جوھا نامى بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ. دېمەك، نەسىردىن ئەپەندى نامى بىلەن جوھا بىر ئادەم ئەمەس. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بىلەن جوھا لەتىپىلىرىدىكى ئورتاقلىق بۇ مىللەتلەر ئا-

رىسىدىكى ئەدەبىي تەسىر جەريانىدا شەكىللەنگەن. ئۆز ئارا ئەدەبىي تەسىر جەريا-
نىدا شەكىللەنگەن بۇنداق ئورتاقلىق ھەممە مىللەت ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

IV

نەسىردىن ئەپەندى ۋە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدىكى ھەر خىل تە-
تقىقات نەتىجىلىرىنى ۋە كۆز قاراشلارنى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق ھەم بۇ تە-
تقىقات نەتىجىلىرى ۋە كۆز قاراشلار ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى سۆزلەپ توغرا
ئىلمىي دەپ قارىغانلىرىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خاتا، ئىلمىي ئەمەس دەپ قارى-
غانلىرىمىزنى رەت قىلدۇق. بىراق مەيلى توغرا ياكى خاتا قاراشلار بولسۇن ھەممى-
سىنىڭلا بەلگىلىك ئاساسى بار بولغاچقا تاكى ھازىرغىچە نەسىردىن ئەپەندى ۋە
نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن، كۆپچىلىك ئېتىراپ قىل-
غان ئومۇملاشقان قاراش شەكىللەنمىدى. مۇشۇ مۇرەككەپلىكنى نەزەردە تۇتۇپ،
نەسىردىن ئەپەندىدەك مۇشۇنداق دۇنياغا مەشھۇر شەخس ۋە نەسىردىن ئەپەندى
لەتىپىلىرىدەك تەڭداشسىز، ئېسىل لەتىپىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ تازا يۈرۈشلۈپ چوڭ-
قۇرلىشىپ كېتەلمىگەنلىكىدىن نۇرغۇن ئالىملار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى ئەپ-
سۇسلىنىپ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى جانلاندۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلىشتى. ئۇيغۇرلارغا كەلسەك،
نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. يەنە بىر قى-
سىم تەرجىمانلار نەسىردىن ئەپەندى ۋە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدى-
كى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە جوھا لە-
تىپىلىرى، پارس لەتىپىلىرى ۋە تۈركمەندىكى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى تەر-
جىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىزدە نەسىردىن ئەپەندى ۋە نەسىردىن ئە-
پەندى لەتىپىلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق شارائىتلار شە-
كىللەندى.

بىز ئەمدى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن بايانلار، ئۆزىمىزدىكى تەتقىقات
نەتىجىلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم كۆز قاراشلىرىمىز ئاساسىدا نەسىردىن ئەپەن-
دى ۋە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە خۇلاسىمىزنى ئوتتۇر-
ىغا قويىمىز.

نەسىردىن ئەپەندى تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس. خەلق ئارىسىدا نەسىردىن
ئەپەندىنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار. رىۋايەتلەرنىڭ
مەلۇم دەرىجىدە چىنلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا نەسىردىن ئەپە-
ندىنى تارىختا ئۆتكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. لەتىپىلەرگەرچە خەلق ئاممىسىنىڭ كو-
لېكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، بىراق ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ لەتى-
پىسى ھامان شۇ مىللەت لەتىپىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولغان ياكى شۇ
مىللەت لەتىپىلىرىگە چوڭ تۆھپە قوشقان بىر ياكى بىر مۇنچە تارىخىي شەخسنىڭ نا-
مى بىلەن باغلىق بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا لەتىپىلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا
ژانىرلىرىغا ئوخشىمايدۇ. يەنى لەتىپىلەرگە كونكرېت شەخسلەرنىڭ ئىجادىيىتى ئا-

ساسلىق سالماقنى ئىگىللەيدۇ. ئەگەر نەسىردىن ئەپەندى تارىختا ئۆتمىگەن بولسا ئىدى، بۇ ئىسىم شۇنچە كۆپ مىللەتلەر ئارىسىغا بۇنچىۋالا كەڭرى تارقالمىغان، خەلق لەتىپىلىرىمۇ بۇنداق شەخسنىڭ نامىغا توپلانمىغان بولاتتى. ئۇيغۇر خەلق لە-تىپىلىرىنىڭ يېقىنقى زامانلاردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق مۇ-موللا زەيدىن، سەلەي چاققان، ئىبراھىم قۇربان، ئىسكەندەر ھەققۇلى نامىدىكى لە-تىپىلەر ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، خەلق لەتىپىلىرىنى بېيىتقان ھەم بۇ لەتىپىلەرنىڭ ئىجادچىسى بولغان ئاشۇ شەخسلەر (موللا زەيدىن، سەلەي چاققان، ئىبراھىم قۇربان، ئىسكەندەر ھەققۇلى قاتارلىقلار) تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخسلەر. مانا مۇشۇ ئەنئەنىدىن ۋە باشقا مىللەتلەردىكى ئوخشاش ئەھۋالدىن نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس ئىكەنلىكىنى مۇ-ئەييەنلەشتۈرۈش تەس بولمىسا كېرەك.

نەسىردىن ئەپەندى تارىخىي شەخس ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ قايسى دەۋردە ياشى-غان؟ قايسى مىللەتتىن كېلىپ چىققان؟ بىزنىڭچە، نەسىردىن ئەپەندى تەخمىنەن مى-لادى 9 - ئەسىرلەردە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىل-لەتلەرگە تەۋە ئادەمدۇر. (ئۇيغۇرلاردا نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر-نىڭ كۆپلىكى، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرلارغا شۇنچە تونۇشلۇقى، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردا كۆپلىكى ئۇيغۇرلاردا نەسىردىن ئەپەندىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىنىڭ ئۇزاق زا-مانلاردىن بېرى چوڭقۇر ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى... قاتار-لىقلاردىن قارىغاندا نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققانلىقى ئېھتى-مالغا ناھايىتى يېقىن). دېمەك، نەسىردىن ئەپەندى تۈركىيلىك ئىسلامىيەتشۇناس ئالىم خوجا نەسىردىن بىلەنمۇ، جوھا بىلەنمۇ، كارامەتلارنىڭ رەھبىرى بولغان خو-جا نەسىردىن بىلەنمۇ بىر ئادەم ئەمەس. 9 -، 10 - ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن كې-يىنكى بىر قانچە ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي مىللەتلەر تارىخ سەھنىسىدىكى مۇھىم ئورنىنى يوقاتماي كەلگەن ھەم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدە-نىيەت جەھەتلەردە تازا گۈللەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىللەردە تۈركىي مىل-لەتلەرنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلىقى خېلى مۇستەھكەم ئىدى. مانا مۇشۇنداق شارا-ئىتتا تەخمىنەن 9 - ئەسىرلەردە تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدىن نەسىردىن ئەپەندى مەيدانغا چىققان. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىقى، لەتىپىلەرنى ئىجاد قىلىشقا ۋە ئېيتىش-قا ماھىرلىقى بىلەن تېزلا شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممىلا جايى-لىرىدا، ئەرەب سەھرالىرى بىلەن ئىران ئېگىزلىكىگىمۇ بارغان. شۇنىڭ بىلەن تۈركىي مىللەتلەردە خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن قىزىقارلىق ھېكايىلەر ۋە لەتىپىلەر ھەم ئۇ-نىڭ نامىغا توپلانغان ھەم ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقا ئەللەرگە، مىللەتلەرگە تارقالغان. ھەم يەنە ئۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ لەتىپىلىرىنى تۈركىي مىللەتلەرگىمۇ تونۇشتۇرغان. بۇ لەتىپىلەر خەلقىمىز ئارىسىغا نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

نامى بىلەن تارقالغان. شۇندىن باشلاپ لەتىپىلەر دېمەك نەسرىدىن ئەپەندى نامى بىلەن ئاتالغان.

مۇشۇ مەزگىللەردە يەنە دىن بىردەكلىكى، سىياسىي - ھاكىمىيەت، ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى، كۆپلەپ ئالاقە ئېلىپ بېرىش، ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە تۈركىي مىللەتلەر بىلەن ئەرەب، پارسلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىسى ئىنتايىن كۈچەيگەن. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا تۈركىي مىللەتلەردىكى نۇرغۇنلىغان لەتىپىلەر ئەرەبلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، «جوھا لەتىپىلىرى» دەپ ئاتالغان. ئەرەب خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا سىڭىپ كەتكەن. ئوخشاش شارائىتتا، ئوخشاش يول بىلەن جوھا نامىدىكى ئەرەب خەلق لەتىپىلىرى تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، ئەپەندى نامىدىكى لەتىپىلەرنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. پارس لەتىپىلىرى بىلەن نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ جوھا لەتىپىلىرى بىلەن نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش بولۇپ، ئۆز ئارا تەسىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۇلاردىكى ئورتاقلىقلار شەكىللەنگەن.

يۇقىرىدا بىز تۈركىيىدىكى نەسرىدىن ئەپەندى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى تۈركىيىدىكى نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدە توختالمايمىز. تۈركىيىدىكى نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئاساسەن سالجۇق تۈركلىرىگە مۇناسىۋەتلىك.

9-، 10-ئەسىرلەردىلا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا تازا كەڭرى تارقىلىشقا باشلىغان نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە سالجۇقلارمۇ بەلگىلىك ھەسسىسىنى قوشقان ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەردىكى نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىنمۇ خېلىلا ئۆزلەشتۈرگەن. كېيىنچە ئۇلارنىڭ كۈچىيىپ روناق تېپىپ تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ قېرىنداشلىرىدىن باشقا يەنە ئەرەبلەر، پارسلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن كۆپلەپ ئېلىپ بارغان ئالاقىلىرى ۋە بۇ مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە لەتىپە ئەدەبىياتى سالجۇق تۈركلىرى ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭرى تارقىلىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇلار كېيىنچە بۇ لەتىپىلەرنى تۈركىيىگە ئېلىپ بارغان. كېيىن ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بىلەن جوھا لەتىپىلىرى يەنە يېڭىباشتىن ئۇچراشقان ۋە سىڭىشىپ كەتكەن. تۈركىيە يازغۇچىسى رامىل تەرىپىدىن 16 - ئەسىردە پۈتۈلگەن لەتىپىلەر توپلىمىغا ئەرەبلەردىمۇ، پارسلاردىمۇ بار بولغان بىر مۇنچە لەتىپىلەرنىڭ بولغانلىقى، بىز ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان جوھا لەتىپىلىرى ۋە پارس لەتىپىلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ۋە تۈركىيىگە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە لەتىپىلەرنىڭ بولغانلىقى، تۈركىيىدىكى نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر لەتىپىلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان لەتىپىلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكى مانا بۇلار بۇقىرىدىكى پىكىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

دېمەك، ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئەسلى مەنبەسى پەقەت بىر. ئەسلىدىكى بىر گەۋدە مىللەتلەرنىڭ ۋە بىر پۈتۈن ئەللەرنىڭ كېيىنچە بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەھكەملىنىشى ۋە مۇستەقىل بولۇپ كېتىشى بىلەن ئەسلى مەنبەسى بولغان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەر قايسى مىللەت، ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بولۇپ شەكىللەنگەن، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن ئەسلىدە نەسىردىن ئەپەندى ۋە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغان بىر مۇنچە مىللەت ۋە ئەللەر كېيىنچە نەسىردىن ئەپەندى ۋە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بىلەن ناھايىتى پىششىق تونۇشۇپ، ئۇ ئوبراز ۋە لەتىپىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى كۈندە نەسىردىن ئەپەندى پۈتۈن دۇنياغا تونۇشلۇق بىر ئوبرازغا، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولغان بىر ئەدەبىياتقا ئايلىنىپ قالدى.

---

**ئىزاھلار:**

①، ③، ⑤ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

② «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى». مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

④ «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

⑥ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى» قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى بېسىمىسى.

⑦ ⑧ «تۈركمەندىكى خوجا نەسىردىن لەتىپىلىرى» خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.



Altunoq

# فولكلور ئىلمىي ھەققىدە

ئابلىمىت مۇھەممەت

فولكلور (*Folklore*) دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسىلا كىشىلەر «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» نى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇنى پۈتۈنلەي خاتا دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن توغرا دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» فولكلورنىڭ بىر تارمىقى. فولكلوردا «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» نىلا نەزەردە تۇتۇش فولكلور تەتقىقاتىنى تار يولغا باشلاپ قويىدۇ.

دەرۋەقە «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» نىڭ ئۆزىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسى فولكلورنى تەتقىق قىلىش بولماستىن بەلكى فولكلور ئىچىدىكى ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ، بۇ ئەدەبىي ھادىسىلەر پۈتكۈل فولكلورنىڭ تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى فولكلورنىڭ ئورنىغا قويغىلى بولمايدۇ، يەنە بىرسى بىزدە ئېتنوگرافىيە (*Etnography*) دېگەن بىر ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ 40 - يىللاردا رايونىمىزغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىۋاستە كىرگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئىلمىي ساھەدە فولكلورنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن بۇ ئاتالغۇ ئىنگلىز تىلىدا ئىرق - ئىرقىي ئايرىما، ئىرقشۇناسلىق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇنىمۇ فولكلورنىڭ ئورنىغا قويغىلى بولمايدۇ. ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا ئاز - تولا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتە ئۆزەمنىڭ فولكلور ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## 1. فولكلور دېگەن ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىشى

فولكلور ئىلمىي ئەڭ دەسلەپتە ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىنگلىز تىلىدا فولكلور دەپ ئاتالغان.

ئەنگلىيە فولكلور ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، ئارخېلوگ ۋ.ج. تومس (*Thoms*) 1846-يىلى ساكسون تىلىدىن *folk* ۋە *lore* دېگەن ئىككى سۆزنى بىرىكتۈرۈپ *Folklore* دېگەن ئىسىمنى بارلىققا كەلتۈرگەن، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىمى» ياكى «خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتى» دېگەن بولۇپ، مۇشۇ بويىچە قوبۇل قىلىنىپ قوللىنىلغان.

1846 - يىلىدىن ئىلگىرى ئەنگلىيە ئارخېلوگلىرى ۋە ئارخېلوگىيە ھەۋەسكارلىرى قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نېمە دەپ ئاتاش مەسىلىسىدە ئىختىلاپلار مەۋجۇت ئىدى.

18 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان بۇ ھەقتە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئىسىم «قەدىمكى ئۆرپ-ئادەتلەر» ياكى كەمسىتىلىپ «قارا قورساقلارنىڭ قەدىمكى ئادەتلىرى»، ھەتتا «كونا نەرسىلەر» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «مىللەتشۇناسلىق»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «قالدۇق مەدەنىيەت» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارمۇ بارلىققا كەلدى.

تومس فولكلوردىن ئىبارەت يېڭى ھەم توغرا ئىسىمنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئىلمىي ئېقىمىدىكىلەر دەرھال ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلدى ۋە بۇ ئىسىمنى قوللاندى. 1878 – يىلى 10 – ئايدا ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە دۇنيا بويىچە فولكلورنى تەتقىق قىلىدىغان تۇنجى ئىلمىي تەشكىلات قۇرۇلغان ۋاقىتتا بۇ يېڭى ئىسىم تەشكىلاتنىڭ ئىسمى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئىسىم خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشتى.

فولكلور دېگەن بۇ ئىلمىي نامنىڭ ئاسىياغا كىرىشىدە، گەپنى ياپونىيىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ياپونىيە مەيجى يېڭىلىقىغا كۆچۈش مەزگىلىدە پىڭجىڭ جىڭۋۇلاڭ باشچىلىقىدىكى توكيو ئىنسانشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «يەرلىك ئۆرپ-ئادەت تەتقىقاتى» ئومۇميۈزلۈك قانات يايدى.

1890 – يىلى پىڭجىڭ «لوندونغا خەتلەر» دېگەن ئەسىرىدە: «يەرلىك ئۆرپ-ئادەتشۇناسلىقنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە فولكلورشۇناسلىقتۇر» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، ھەمدە كەلگۈسىدە فولكلور دېگەن ئىسىمنى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نامى قىلىپ قوللىنىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەردى. لېكىن ياپونىيىدە *Folklore* نى «ماقال-تەمسىل شۇناسلىق» ياكى «مەھەللىۋى ئادەت سۆزلىرى ئىلمىي» دەپ تەرجىمە قىلدى. ئەنگلىيىلىك كېئورگى لدۇرنىس گوم (*L·Gomme*) نىڭ «فولكلور ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياپونىيىگە كىرگەندىن كېيىن، ياپونىيە ئالىملىرى ئىككى دۆلەتنىڭ فولكلور تەتقىقاتىدىكى ئوخشاشلىققا ئىگە جايلىرىنى تاپتى ۋە «فولكلور» دېگەن بۇ ئىسىمغا بولغان قارىشى ئايدىڭلاشتى.

20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياپونىيە فولكلور ئىلمىنىڭ پېشىۋاسى لىيۇتىيەن گونەن ئۆز ئەسەرلىرىدە «فولكلور» دېگەن ئىسىمنى كەڭ تۈردە قوللاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ياپونىيە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ ئىسىمنى بىر تۇتاش قوللاندى. بۇ نام جۇڭگوغا ياپونىيە ئارقىلىق كىرىپ تارقالدى.

فولكلور دېگەن بۇ ئىلمىي نامنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تېز تارقىلىشى، ياش ئەمما ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر ئىجتىمائىي پەن بولۇپ شەكىللىنىشى بۇ پەننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىدە بارغانسېرى مۇھىم ئامىل بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

## 2 . فولكلور ئۇقۇمى ۋە دائىرىسى

خەلقئارادا «خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىملىرى» نى مەزمۇن قىلغان فولكلورنىڭ ئۇقۇمى ۋە دائىرىسىگە بېرىلگەن تەبىرلەر بىردەك ئەمەس. بۇ ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈملەر، مۇھاكىمە نۇقتىئىنەزەرى، تەتقىقات مەقسىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان. دەۋرنىڭ تەرەققىياتى فولكلور ئۇقۇمىنىڭ مەنىسىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا «خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىملىرى» زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە تارىختىن بۇيان كەڭ ۋە تار مەنىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈپ قارىلىپ كەلدى.

كەڭ مەنىدىكى فولكلور ئۇقۇمى بىر ئۇنىۋېرسال ئىلىم بولۇپ، شەھەر - يېزا خەلق تۇرمۇشىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ، مىللەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەتلىك مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىنى، ئارقىدا قالغان قالاق مىللەتلەرنىڭ، ھەتتا ئىپتىدائىي مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىدۇ، دەپ ھېسابلىنىدۇ.

تار مەنىدىكى فولكلور ئۇقۇمى تەخمىنەن مۇنداق تۆت خىل ئوخشىمىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1) قەدىمدىن قېپقالغان ئېتىقاد، ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر؛

2) مەدەنىي مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى؛

3) خەلق تۇرمۇشىدىكى مۇراسىملار، نەزىر - چىراق، دۇئا - تىلاۋەت ۋە پەرھىزلەر؛

4) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىلا تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ؛

ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە فولكلورنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا فولكلور تەتقىقاتىدا كەڭ مەنىدىكى فولكلورنى تەتقىق قىلىشقا يۈزلەندى. ئۇقۇم مەسىلىسى: فولكلور پۈتكۈل خەلق تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن؛ ئۇ ھەم خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىنى، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ، ھەتتا ياۋايى مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ - دەپ مۇقىملاشتۇرۇلدى.

فولكلورنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدىكى ئۇزۇن بىر مەزگىللىك تالاش - تارتىشلار فولكلورنى ئىنتايىن تېز ئىلىم بىلەن مۇكەممەللەشتۈردى ۋە سىستېمىلاشتۇردى. تەتقىقاتچىلار، كۆز قاراشلار تېخى تامامەن بىردەك بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن فولكلورنى خەلقنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دەپ ھېسابلاش، بىردەكلىككە قاراپ يۈزلەندى. بىز ئالدىنقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ فولكلورنىڭ ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن ئىكەنلىكىنى ماركسىزملىق ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق تونۇغىنىمىزدا ئۇ يەنە تۆۋەندىكىدەك ئۇقۇم ئاملىلىرىغا ئىگە بولىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

1) فولكلور ئىلمىي دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن رېئال تۇرمۇشقا داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئىشلارنى تەتقىق قىلىدۇ؛

2) فولكلور تەتقىق قىلىدىغان ئىشلار ئوخشاش نۇرغۇن ئىشلارنى شەكىللەندۈردى؛

3) فولكلور تەتقىق قىلىدىغان ئىشلار شەكىل جەھەتتىن نىسبەتەن مۇقىم بولغان ئىشلاردۇر؛

4) فولكلور كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى، سۆزى ۋە پىسخىكا (روھىي ھالىتى) جەھەتتىكى ئىشلارنى تەتقىق قىلىدۇ؛

5) فولكلور تەكرار مەيدانغا كەلگەن چوڭقۇر قاتلام مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

فولكلور ئۇقۇمى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرىدىكى كۆپ خىل ئىلمىي ئامىللارنىڭ مەنىسى: ئۇ ھەم ئىلغار مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ، ھەم ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تەتقىق قىلغانىدا كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئالاھىدە نەزەردە تۇتىدۇ؛ ئۇ ھەم ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن مەدەنىيەتنى ھەم بۇ مەدەنىيەتنىڭ رېئاللىققا بولغان تەسىرى ۋە ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ ئۇ ھەممىنى قارا - قويۇق ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، بەلكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى، سۆزى، پىسخىكىسىدا ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان، مۇقىم تىپقا ئىگە بولغان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

بۇقىرىقىلار فولكلورنىڭ ئۇقۇمى. ئەمدى ئۇنىڭ دائىرىسى ئۈستىدە توختىلىمىز. ئۇقۇم كەڭ ۋە تار مەنىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دائىرىسىمۇ چوڭ ۋە كىچىك بولىدۇ.

1890 - يىلى ئەنگلىيە فولكلور ئىلمىي جەمئىيىتى گوممىنىڭ باش تەھرىرلىكىدە «فولكلور ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» نى نەشر قىلدى. كىتابنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشى پەقەت قەدىمكى ئېتىقاد، خۇراپىيلىق، ھەر خىل مۇراسىم ئادەتلىرى، خەلق ئويۇنلىرى، ئېغىز تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق ئوبيېكتى قىلىش بىلەن چەكلەندى.

ئۇنىڭ پىرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، فولكلورنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قەدىمكى ئېتىقاد شەكىللىرىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. يەنى گوم ئۆزى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، فولكلور شۇناسلارنى جەلپ قىلىدىغان نەرسە تېرىقچىلىق سايمانلىرىنىڭ شەكلى بولماستىن، بەلكى تېرىقچىلىق سايمانلىرى ئارقىلىق يەر تېرىش ئادىتى؛ ئوۋچىلىقتا ئوۋچىلىق قوراللىرىنىڭ قانداق ياسىلىشى بولماستىن، بەلكى ئوۋچىنىڭ ئوۋچىلىقتا ئەمەل قىلىدىغان پەرھىزلىرى، كۆۋرۈك ۋە ئۆي سېلىشنىڭ ماھارىتى بولماستىن، بەلكى ئىش باشلاشتىن بۇرۇنقى قان قىلىپ نەزىر قىلىش ۋە خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاچقا ئەنگلىيىدە ئىلگىرىكى فولكلورشۇناسلىقنىڭ دائىرىسى نىسبەتەن تار بولۇپ قال-

غان، ئۇلار تەتقىق قىلىنىدىغان خۇراپىيلىق، خۇراپىي ئېتىقاد ۋە پائالىيەتلەر تەبىئەت، ھاۋانىلارغا چوقۇنۇش، ئۆسۈملۈكلەرگە ئېتىقاد قىلىش، جىن ـ شەيتانلارغا ئىشىنىش، باقى ئالەم ھەققىدىكى خۇراپىيلىق ۋە پىرخونلۇق، سېھىرگەرلىك، رەممالىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىغان. ئۇلار تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئادەت، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىقلار ۋاقىت ۋە مەۋسۇم، ئادەت مۇراسىملىرى، خەلق ئويۇنلىرى، يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر، قاپىيىلىك سۆزلەر، تېپىشماقلار، ماقال ـ تەمسىللەر، لەقەم، چۆچەك، لەتىپە، مەسەل، قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ھېكايىلەر، تەبىئەت ئەپسانىلىرى، خەلق قوشاقلىرى، رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەت تۈزۈملىرى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئادەتلەرنى تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزمىگەن. «فولكلور ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلىنغاندا ئۆرپ ـ ئادەتلەر قىسمىغا ھاياتلىق مۇراسىملىرى، ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈم، ئىگىلىك (ئاساسەن بېلىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق) قاتارلىق مەزمۇنلار قوشۇلدى. لېكىن بۇ دائىرە يەنىلا تار بولۇپ قالدى. چۈنكى نۇرغۇن جەھەتتىكى ئادەت ئامىللىرى بۇ دائىرىگە كىرگۈزۈلمىگەن.

1917 ـ، 1919 ـ يىللار ئارىلىقىدا شۋېتسارىيە فولكلور ئىلمىي جەمئىيىتى «فولكلور ھەققىدىكى كىتابلار تەزكىرىسى يىللىق ژۇرنىلى» نى تارقاتتى. بۇ نەشرىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك ئادەت ھادىسىلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشقا يەنە كەنت، بىناكارلىق، خەلق ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە تېخنىكىسى (توقۇمىچىلىق، ئويمىچىلىق، قۇيمىچىلىق، ساپالچىلىق، ياغاچ ۋە مېتاللاردىن ئىشلەنگەن ھەر خىل سايمانلارنىڭ ياسىلىشى)؛ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت، ئوزۇقلۇق قاتارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلەر، خەلق يىغىلىشلىرى، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، كېلىشىم، خەلق ئاممىسىنىڭ ئادەت پسىخىكىسى قاتارلىقلارمۇ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

بۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن بۇرۇنقى فولكلورنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىغا تېگىشلىك بولغان، بىر قەدەر مۇكەممەل دائىرە تەلىماتىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن كېيىن بەزى كىشىلەر بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن بولسىمۇ، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن دائىرىدىن نېرىغا ئۆتەلمىدى.

30 ـ يىللاردا ياپونىيىمۇ بۇ جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ياپونىيە ليۇتيەن گونەن ۋەكىللىكىدىكى تەتقىقاتچىلار يەرلىك (شەھەر، يېزا، كەنت) ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلدى.

ئۇ فولكلورنىڭ دائىرىسىنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن كۆرسەتتى: بىرىنچىسى، كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك، تۇرار جاي، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئەمگەك تەشكىلاتلىرى، ئائىلە ۋە كەنت، بىر نەچچە خىل ئىجتىمائىي مۇراسىم ۋە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئادەتلەر؛ ئىككىنچىسى: ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر، تېپىشماق، قاپىيىلىك سۆزلەر، بالىلار تىلى، قوشاق، ھېكايە، رىۋايەت، ئەپسانە قاتارلىق ئېغىز تىل سەنئىتى؛



AltunOq

ئۈچىنچى، خەلق ئارىسىدىكى ھەزىلكەشلىك، ياخشى - يامان ۋە ئېتىقاد قاتارلىق ئۆرپ-ئادەتلەردىن ئىبارەت.

ياپونىيە فولكلورى ياپونىيە يېزا - قىشلاقلىرىدىكى ئۆرپ-ئادەتنى تەكشۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاساسەن مۇشۇ خىل تەلىمات ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەتقىقات ساھەسىنى كېڭەيتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى 80 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا فولكلورنىڭ دائىرىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە ۋە مۇقىملىققا قاراپ يۈزلىنىپ، ئىلگىرىكى تەلىماتلاردىن مۇكەممەللەشتى ۋە تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى ئىسپاتلاندى. ياپونىيە فولكلورىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى، ئالاقىدار تەلىماتلىرىنى نىسبەتەن ئوبدان يەكۈنلىدى.

تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزمىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسەن، يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى خەلقئارا فولكلور پېنىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ دەۋرىمىز فولكلور تەرەققىياتىنىڭ دائىرىسى ۋە تۈرلىرىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، خەلق مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەت ھادىسىلىرىنى پەقەت مەلۇم ئاڭ پورمىسىدىكى ئىقتىسادىي ترادىتسىيىدە ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەت ترادىتسىيىسى جەريانىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، ئاڭ پورمىسى ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ ئىپادىلىنىدۇ. فولكلور ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما، ئاڭ پورمىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت فولكلور ھادىسىلىرى بىلەن خۇددى قېلىن توقۇلغان ئۆمۈچۈك تورىدەك مۇرەككەپ بولىدۇ. مانا بۇ فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ كەڭ دائىرىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن فولكلورنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ئاساسەن مۇنداق تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) ئىقتىسادىي فولكلور: بۇ، خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى، سودا ۋە ئىستېمال تۇرمۇش ئادەتلىرىنى مەزمۇن قىلىدۇ؛

2) ئىجتىمائىي فولكلور: بۇ، ئەجدادلار، تۇغقانلار، يېزا - بازارلاردىكى ترادىتسىيىلىك مۇناسىۋەت، كۆنۈككەن ئادەت تۈزۈملىرىنى مەزمۇن قىلىدۇ؛

3) ئېتىقاد: بۇ، ئەنئەنىۋى خۇراپاتلىق ۋە ئادەتلەنگەن ئېتىقاد ئىشلىرىنى مەزمۇن قىلغان؛

4) كۆڭۈل ئېچىش ئادىتى: خەلقنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى (مەشرەپ، قارلىق، سەيلە ۋە خەلق ئەدەبىياتى سەنئەت پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى ئادەتلەرنى مەزمۇن قىلىدۇ؛

ئومۇمەن فولكلورنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن تارتىپ تۇرمۇشقىچە، ماددىي جەھەتتىن مەنىۋى جەھەتكىچە، روھىي ھالەتتىن گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەتكىچە بولغان ئادەت تۈزۈمى بولۇپ شەكىللىنىپ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەقەت خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل ئېتىقاد مۇراسىملىرى، پائالىيەتلىرى ۋە خەلق-نىڭ ئاغزاكى ئەدەبىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت. تار دائىرىلىك پوزىتسىيە، فولكلورنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن زور دەرىجىدە بىر تەرەپلىمىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائى-ئىي ئادەت ئىشلىرىغا سەل قارىغانلىقتىن تەتقىقات نىشانى ۋە ئۇسۇلىدا خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەمەلىيەت ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتى، تەرەققىياتى يولىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىسپاتلى-دى. فولكلور باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاش پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئوبيېكت قىلىدۇ. يەنى ئۇ ئادەمنى تەتقىق قىلىدىغىنى ئۈچۈن، ھەرگىزمۇ مەلۇم ئا-دەت ھادىسىلىرى بىلەن ياكى مەلۇم بىر تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

## 3. فولكلورنىڭ رولى

فولكلورنىڭ رولىنى ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بول-مايدۇ. ئۇنىڭ رولى ئاساسەن تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

1. فولكلورنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئالدى بىلەن دۇنيا ئىجتىما-ئىي پەنلىرى خەزىنىسىنى بېيىتىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دەۋرلەردىن بۇيانقى ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان مول فولكلور خەزىنىسى بولۇپ، ئۇلارنى فولكلور ئۇسۇلى بويىچە سېستىمىلىق تەتقىق قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. قەدىمكى دەۋر مەدەنىي مىراسلىرىدىكى ئۆرپ-ئادەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش فولكلورنىڭ مۇھىم ساھەلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى دەۋر ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ تەرەق-قىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

2. فولكلورنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تەرەققىياتى مىللەتنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىشەن-چىسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش غەيرىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. مىللەتنىڭ ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سەنئەت ئىجادىيىتى ھەر قانداق ۋاقىتتا خەلقنىڭ غەيرەت ۋە جىدام بىلەن يۇقىرى ئۆرلىشىگە ئىلھام بېرى-دۇ. پاكىت خەلقنىڭ مەدەنىيەت جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆرپ-ئادەتلىرى-نى پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش خەلقنىڭ غۇرۇرى، ئىشەنچىسى ۋە ئىپتىخارىنى قوزغىتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش روھى ۋە ئىجادىي ئەمگىكىگە ئىلھام بېرىشتە ناھايىتى زور رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. فولكلورنى تەتقىق قىلىش ۋەتەنپەرۋەر-لىك تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشتە بىۋاسىتە ھەم ۋاسىتىلىق رول ئوينايدۇ.

3. فولكلور تەتقىقاتى ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمە-لىك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتىكى تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. فولكلور ھەر خىل ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىياتى

ۋە ئۆزگەرتىشنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىپ، كىشىلەرگە نېمىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونا قائىدە، ناچار ئادەت ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىدىغان يېڭى ئادەت، ياخشى ئىستىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ياخشى ئادەت، ئىستىللارنى كېڭەيتىپ، كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىسىنى يارىتىپ ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

4. فولكلور تەتقىقاتى ھەر قايسى ئەل خەلقىنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، دۇنيا تىنچلىقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئومۇمەن فولكلور ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش فولكلور ئىلمىي تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇڭا ئۇنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش زۆرۈر.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ۋۇ بىڭئەن «جۇڭگو فولكلورى» لياۋنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.
2. ۋاڭ ۋېنبىۋ تۈزگەن «فولكلور ئىلمىي ماقالىلىرى»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات- سەنئەت نەشرىياتى.
3. جۇڭ جىڭۋېن باش تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى.
4. ئابدۇكېرىم راخمان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى باسمىسى.
5. ئۆزبېكچە لۇغەت.

1987 - يىل 12 - ئاي، شېنياڭدا يېزىلدى.

1988 - يىل يانۋار، قەشقەردە تۈزىتىلدى.

---

(بېشى 89 - بەتتە)

لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار ئىگىلەپ بولغان ئالىي ماتېماتىكا بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قوزغىتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكىنى ئانالىز قىلىش، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش، ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسى. «ئومۇمىي بايان» قىسمى، «دەرسلىكلەر تەھلىلى» قىسمى، 13 ئالىي مەكتەپ بىرلىشىپ تۈزگەن، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىل 2 - قېتىم نەشر قىلىنغان نۇسخىسى.
2. «ماتېماتىكا ئانالىزى» دەرسلىكىنىڭ دېففېرېنسىئال ئېنتېگراللار قىسمى. 1982- يىل ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، بېيجىڭ ۋ- نەشرى.
3. چۇنجۇ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى (تەبىئىي پەن قىسمى) 1984 - يىل 1 - سان. جاڭ سۇلياڭنىڭ «ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسى» دەرسلىكىنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتا كۆز قاراشلىرىم.

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ھەققىدە

مۇتەللىپ سىدىق

كىشى ئىسىملىرى — ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاستە. ئۇ، مەلۇم بىر دەۋرنىڭ ۋە مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئىتنوگىراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. كىشى ئىسىملىرىنىڭ ياخشى تاللىنىشى، توغرا ئاتىلىشى، خاسلىققا ئىگە بولۇشى ۋە ساپلىقى — مەلۇم بىر مىللەت، مەلۇم بىر جاي ۋە مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ قانداقلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ، يەنە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىشى ئىسىملىرىنى تەتقىق قىلىش — بىر مىللەتنىڭ تارىخىي، ئەخلاقى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە باشقا جەھەتلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، مۇقەررەر ھالدا دەۋرگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارغان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئۇيغۇرچە ياكى تۈركچە ئىسىملارنى قوللانغان. ئۇلار ھايۋانلارنى ئۇلۇغلايدىغان توتېم ئەقىدىسىگە ئاساسەن، ئارسلان، پىل (ياغان)، بۆرىسلان (قاپلان)، لاچىن (چاغرى)، قوشقار (قوچقار)، بۆركۈت، ئېيىق، بۆرە قاتارلىق ھايۋان ئىسىملىرىنى ئادەم ئىسمى قىلىپ قوللانغان. بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «تېكىن» (شاھزادە)① ، «بۇكا» (باتۇر) «بەك» (بەگ)، «بىكە» (خېنىم) قاتارلىق قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ، «ئارسلان تېكىن»، «ياغان تېكىن»، «چاغرى تېكىن»، «چاغرى بەگ»، «قوچقار بۇكا» دەپ ئاتىغان. «ئوغۇزنامە» داستانىدا، ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ئوغۇللىـ

① تېكىن — ئەسلىدە «قۇل» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى. كېيىن پەقەت خان ئائىلىسىدىكى ئوغۇللىرىغىلا خاس بولغان «شاھزادە» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىرەر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ نامى ياكى شۇنداق سۆز بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

ردىغا «كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تەڭرى (دېڭىز)» دەپ ئىسىم قويغانلىقى كۆرۈلىدۇ. «ئۇرخۇن ـ يەنسەي يادىكارلىقلىرى» دا «كۆل تېكىن» (ئەقىللىق كۆلدەك شاھزادە)، «بىلگە قاغان» (بىلىملىك خان) دېگەن كىشى ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە «كۈنتۇغدى»، «ئايتولدى»، «ئۇدغۇرمىش» (ئويۇشقان)، «ئۆتكۈرمىش» (ئۆتكۈرلەشكەن) دېگەن مەشھۇر شەخسىيلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «ئالىپ ئەرتۇڭا» (قاپلاندەك باتۇر ئەر)، «قاتمىش» (قاتقان)، «قاۋشۇت» (كېلىشتۈر)، «قەدىر» — (قەيسەر، كەسكىن)، «ئالىپ تېكىن» (باتۇر شاھزادە)، «قۇتلۇغ تېكىن» (ئايىقى ياراشقان، بەختلىك شاھزادە)، «بۆگۈ بىلگە» (ئەقىللىق ئالىم) دېگەن كىشى ئىسىملىرى قەيت قىلىنغان.

مىلادى X ئەسىردىن باشلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشى، ئىسلام دىنىغا بولغان ئەقىدىنىڭ ئۇلغىيىپ بېرىشى، شۇنىڭدەك ئەرەب تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى تۇپەيلىدىن، ئەسلىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى پەيدىنپەي ئازىيىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئەرەبچە ئىسىملار، ئاندىن قالسا شۇ دەۋردە ئەرەب تىلى بىلەن سوكدىشىپ مېڭىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە بىرلىكتە سىڭىپ كىرىۋاتقان پارس تىلىغا مەنسۇپ بولغان ئىسىملار ئىگىلىدى. كىشىلەر ئىسىم قويۇشقا ئالايىتەن موللىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملارنى قويدۇردى. ئەرەب، پارس تىللىرىغا مەنسۇپ بولغان بۇ خىل ئىسىملار ئاللاغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقاد، ئىسلام دىنىغا بولغان يۈكسەك ساداقەتنى ئىزھار قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسىگە ئايلاندى. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئىسمىنى «ئابدۇلكەرىم» (سېخى ئاللانىڭ بەندىسى) دەپ ئۆزگەرتتى. شۇنداق قىلىپ، ئەرەبچە، پارسچە كىشى ئىسىملىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ قالدى. كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئالدى بىلەن ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە ئىسىملارنى، پەيغەمبەرلەر، چاھار يارلار، مالائىكىلەر ۋە بۈيۈك ئانىلارنىڭ ئىسىملىرىنى تاللاپ قويۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىدى. مەسىلەن: بىرىنچى تەركىبى (تۈركۈمى) «ئەبدۇ» (ئابدۇ — قۇل، بەندە) بىلەن كەلگەن «ئابدۇسەمەد» (مۇھتاجلارنى ھاجىتىدىن چىقارغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى)، «ئابدۇلئەھەد» (بىر ئاللانىڭ بەندىسى)، «ئابدۇرەشىد» (توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئاللانىڭ بەندىسى)، «ئابدۇر رەھمان» (رەھىم ـ شەپقەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى» دېگەنگە ئوخشاش ئەرەبچە ئىسىملار كىشى

ئىسىملىرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىككىنچى تەركىبىدە ئاللانىڭ سۈپەتلىرى ئىپادىلىنىدۇ؛ كىشىلەر يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن پەرزەنتلىرىگە «مەھەممەد» دېگەن ئىسىمنى كۆپرەك قويۇشقاندىن باشقا «مۇھەممەد» نى باش ئىسىم قىلىپ، ئىككىنچى بىر ئىسىمنى ئۇنىڭغا يانداپ «مۇھەممەد ئەمىن» (مەھەممەت ئىمىن، مەمتىمىن)؛ «مۇھەممەد ئەلى» (مەھەممەت ئېلى، مەمتىلى)، «مۇھەممەد نىياز» (مەتنىياز)، «مۇھەممەد رەھىم» (مەترەھىم) دېگەنگە ئوخشاش جۈپ ئىسىملارنى قوللىنىشنى ئادەت قىلىدى.

شۇنىڭ ئىزاھلاشقا تېگىشلىككى، ئەرەبچە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئارىسىدا يەنە، يەھۇدىي دىنىي پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەب تىلى ۋە بۇ تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان باشقا مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ تىللىرىغا ناھايىتى ئۆزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئەرەبچە ئىسىملاردەكلا بىلىنىدۇ. بۇنداق بولۇشى يۇقىرىقى ئىسىملارنىڭ كۆپ قىسمى «قۇرئان كەرىم» دە تىلغا ئېلىنغان ئىسىملار بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لېكىن بۇ خىل ئىسىملارنىڭ تۈپ مەنىسىدە ئوخشىماسلىق بار. مەسىلەن: مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى ھازىرغىچە «ئورما ئىلىق»، «ئىتتىك ئۇستۇرا»، «ياغاچ ساندۇق» دېگەندەك بىر ـ بىرىگە تامامەن يېقىن كەلمەيدىغان بىر نەچچە خىل مەنا بىلەن چۈشەندۈرۈلۈۋاتىدۇ. ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىنى بەزىلەر «ئاللانىڭ بەندىسى» دېگەن ئىلىك دەپ چۈشەندۈرسە، بەزىلەر «كېيىن تۇغۇلغان» دېگەن ئىلىك دەپ چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى پارسچە ئىسىملار ئەرەبچە ئىسىملاردىن قالسىلا، بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل ئىسىملار كۆپىنچە «گۈل»، «دىل»، «ماھ» (ئاي) سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرىكمە ئىسىملار ياكى ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئارىلاشما ئىسىملار بولۇپ، بىلدۈرگەن مەنىسى بىزگە بىر قەدەر چۈشىنىشلىك. مەسىلەن: «گۈلزار» (گۈللۈك)، «گۈلباھار» (باھار گۈلى)، «گۈلچېھرە» (چىرايى گۈل)، «دىلبەر» (دىلنى تاتقۇچى)، «دىلشاد» (خۇش دىل)، «ماھىروي» (ئاي يۈزلۈك)، «ماھىدىل» (دىلى ئاي)، «ماھىنۇر» (نۇرلۇق ئاي)، «گۈلنىسا» (نىسا ــ ئەرەبچە بولۇپ، ئايال مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ)، «ئەختەرنىسا» (ئەختەر ـ پارسچە يۇلتۇز مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ)، «ئايگۈل» (ئاي ـ ئۇيغۇرچە) دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەرەبچە بىلەن ئۇيغۇرچىدىن بىرىككەن ئىسىملارمۇ بار. مەسىلەن: «ئايسۇلتان»، «ئاتىخانىسا»، «ھەققۇلى»، «يارى مۇھەممەد» دېگەنلەردەك.

دېمەك، ئەرەب، پارس كىشى ئىسىملىرى قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىغا خاس بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرى يەنە داۋاملىق ساقلىنىپ قالدى. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئىچىدە پەرزەنت كۆرەلمىگەنلەر تاسادىپى پەرزەنت كۆرۈپ قالغاندا، ئاللاغا بولغان تەشەككۈرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بالىلىرىغا ئاللا بەردى، ئىگەمبەردى، خۇدابەردى، خۇدايىم بەردى (خۇدۇمبەردى) دېگەندەك ئىسىملارنى؛ پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، پەرزەنتى تۇرمىغانلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، تۇرسۇن، تۇردى، تۇرغۇن، توختى، توخسۇن (توختىمسۇن)، تۇرسۇنگۈل، تۇردىخان، توختىخان دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشنى، پەرزەنتلىرىنىڭ چىڭ مەھكەم بولۇشنى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەپ پولات، تۆمۈر، تاشپولات، تاش، ئالماس دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشنى، بالىلىرىغا كۆز تەگمىسۇن ئۈچۈن «چاۋار»، «پاسار»، «ئەخلەت»، «سۈپۈرگە»، «يانتاق»، «چورۇق»، «پالتا» دېگەنلەرگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويۇش ئادەتلىرى بار.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى دەۋرلەردە ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى تەدرىجى چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئورنىنى بولسا، دەۋرگە قاراپ قويۇلىدىغان ئىسىملار ئىگىلىدى. مەسىلەن: ئازاد، ھۆرىيەت، نىجات، ئەركىن، دولقۇن، يالقۇن، كۈرەش، ئۆركەش، جۈرئەت، ئىلغار، قەھرىمان، غەيرەت، قەيسەر، غالىپ، غەلىبە، جەسۇر، مەدەنىيەت، ئۈمىد، ئىسلاھات، مۇھەببەت دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ ئىسىملار مەيلى قايسى مىللەت تىلىغا مەنسۇپ بولسۇن كۆپىنچە يېقىنقى مەزگىللەردە قويۇلدى.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، «گۈل، قىز، خان، خېنىم، ئاخۇن، جان، بەگ، ھاجى، مەخدۇم (مەخسۇم)، قارى، چوڭ» دېگەنلەرگە ئوخشاش ئىسىملار بەزىدە باشقا ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، قوشۇمچە ئىسىم بولىدۇ. بەزىدە مۇستەقىل ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ. بۇ خىل ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى ئەرلەرنىڭ ئايرىم ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىغا ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن: تۇرسۇن+گۈل، تۇردى+خان، توختى+خان، ھاجى+خان، قارى+خان، ھاجى+گۈل، تاجى+خان، ئازاد+گۈل دېگەنلەردەك.

«ئاخۇن» — بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەرەب تىلىدىكى «ئەخۋان» (ئاكا-ئۇكا، بۇرادەر) سۆزىدىن كەلگەن. بەزى ماتېرىياللاردا تەكىتلىنىشىچە، بۇ، «ئاق ھون» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئاۋۋال «توختى ئاق ھون»، «تۇرسۇن ئاق ھون» دەپ ئاتالغان. كېيىن ھەر خىل ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «ئاخۇن» تەرىزدە قوشۇلغان ۋە

«تۇختى ئاخۇن، ئەھمەد ئاخۇن، سايىم ئاخۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىي تىلىدا بۇ ئىسىم پارس تىلى ئەنئەنىسىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، «ئاخۇند» تەرىزدە خاتىرىلەنگەن.☆

«خان» — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قاغان» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، «پادىشاھ، بەگ» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىسىم كېيىن «خاقان» دەپ ئاتالغان. X ئەسىرلەردىن كېيىن «خان» دېيىلگەن. بەزى ماتېرىياللاردا «خان»نى پارسچە «خۇان»نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، «ئوقۇغۇچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا يۇقىرىدىكى قوشۇمچە ئىسىملاردىن باشقا، «م» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئەھۋالمۇ بار بولۇپ، بۇ ھەرپ ئەرەبچە تىل ئادىتىدە ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار كۆپىنچە بۇ ھەرپنى بەزى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ، «رەشىدەم، پەرىدەم، ئابىدەم، ئاتىكەم، ئايشەم، موللام، ھاجىم، قارىم، خەلپىتىم» دەپ قوللانغان. دەرۋەقە «م»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قوشۇلماسلىقىنىڭ ھۆرمەت جەھەتتىن مەلۇم پەرقى بولىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۆزى تەۋە بولغان تىلغا ئوخشاشلا ئىجتىمائىي ھادىسىدىن ئىبارەت. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىغا گۇۋاھلىق قىلىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئۆزگىرىشى ۋە شۇ ئاساستا مۇكەممەللىشىپ بېرىشى مۇمكىن. لېكىن قانداق قىلغاندا كىشى ئىسىملىرىنى دەۋرگە ھەقىقىي ھالدا ياخشى خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىسىم قويۇش ۋە كىشى ئىسىملىرىنى توغرا ئاتاش تەرەپلىرىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھەم ياخشى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ھەم يېڭىلىق يارىتىشىمىز لازىم. ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش دېگىنىمىز — ئەجدادلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئىسىملارنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇپ، ئۇنى مۇۋاپىق تاللاش، توغرا، تولۇق ئاتاشنى كۆرسەتسە، يېڭىلىق يارىتىش دېگىنىمىز — مۇشۇ شەرت ئاستىدا ئىسىملارنىڭ گۈزەل، مەنىلىك، خىلمۇ-خىل ۋە بىر قەدەر ساپ بولۇشىغا كاپالەت قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىلىشىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەرنىڭ بەزىسى جانلىق تىل بىلەن ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى جەريانىدا كېلىپ چىققان. يەنە بەزىسى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلىك ئۆتكۈزۈدىغانلىقىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن تاللاپ، ئىسىملارنىڭ قائىدىلىك، تەرتىپلىك، بىر-بىرىگە ماس كېلىدىغان ۋە مەخسۇسلاشقان بولۇشىغا دىققەت قىلمايدۇ. مەنىسىگە سەل قارايدۇ، ئىسىملارنى ئەسلى ئاتىلىشى بويىچە تولۇق ۋە توغرا ئىشلەتمەيدۇ، تۇغقانلار ۋە يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر ئىچىدە ئوخشاش ئىسىملارنىڭ كۆپ تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن

☆«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى 1982-يىللىق 1-سان 131-بەتكە قاراڭ.

ساقلانمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسىملارنىڭ تولۇق، توغرا ئىشلىتىلمەسلىكى گەۋدىلىك بولۇپ، بەزى ئىسىملار بىر نەچچە خىل ئۆزگىرىپ، ئەسلى ئاتىلىشىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەن. مەسىلەن: «ئائىشە» (ئايشەم، ئايشىگۈل، ھاشىگۈل، ھاشىخان)؛ «مۇھەممەد» (مەھەممەت، مەممەت، مەخەت، مەخەم، مەمەت، مەت)؛ «مارىيە» (مارى، مەريەم، مەرەم، مەرىگۈل، مەيسا)؛ «ئابدۇلمەجىد» (ئابدىمەججىت، مەججىت، ئابدىمىشىت، مىشىت)؛ «پاتىمە» (پاتەم، پاتىگۈل، پاتەمخان، پاتىمخان)؛ «مەھمۇد» (مەخمۇت، مامۇت، مامىخان) دېگەنگە ئوخشاشلار. يەنە بەزى ئىسىملار ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەركىلىتىشى، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى كەمسىتىپ ئاتىشى تۈپەيلىدىن، قوپال ئىسىملارغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن: «جۇمئە» (جۇمە، جۇمەك، جۇماق)؛ «نوئمان» (نامان، ناماق)؛ «چوڭ» (چوڭكاق؛ «خۇاجە» (خوجا، غوجا، غوجەك، غوماق)؛ «مەۋلا» (موللا، موللاق، موللەك) «تۇردى» (تۇراق، تۇرەك)؛ «نۇر» (نۇرەش، نۇرەك) لەرگە ئوخشاش. يەنە بەزى كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئايرىم ھەرپلەرنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە نۆۋەتلىشىشى ئارقىلىق، تەبىئىي ھالدا ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن: «قۇربان» (قۇۋان)؛ «خەبىر» (خىۋىر)؛ «سابىر» (ساۋى، ساۋىر)؛ «بىبى زوھرە» (بۇۋى زورا، بۇزۇرا) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

كىشى ئىسىملىرىنى تاللاشتا، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن ئىسىم ئېپادىلىگەن مەناغا ئېتىبار بەرگەن ۋە مەلۇم مۇددىئانى ئاساس قىلغان، لېكىن، بەزى كىشىلەر ئىسىملارنىڭ ئۆزگىچە كۆپ خىل بولۇشىنى، مەلۇم رېتىم، قاپىيىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىسىمۇ، مەنىسىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئىسىملار مەنا جەھەتتىن كۈلكىلىك چىقمايدۇ. مەسىلەن: «راھىلە» (ئەرەبچە مەنىسى - يۈك ئارتىلغان تۆگە)؛ «رامىلە» (ئەرەبچە مەنىسى - تۇل ئاخوتۇن، بالا باققۇچى)؛ «ئەختەم» (ئەرەبچە مەنىسى - بۇرۇنراق تۈگىگۈچى)؛ «كۈلسۈم - گۈلسۈم» (ئەرەبچە مەنىسى - ھاپقۇز)؛ «نەدىمە» (ئەرەبچە مەنىسى - پۇشايمان قىلغۇچى)؛ «مەھشۇرە - مەشۇرخان» (ئەرەبچە مەنىسى - ئۆلۈپ تىرىلگەن ئايال)؛ «قابىز» (قاۋۇز - ئەرەبچە مەنىسى - قىرىق، تېتىقسىز) قاتارلىق ئىسىملار مەنىسىنى چۈشەنمەسلىكتىن قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا قائىدىسىزلىك ۋە ماس كەلمەسلىك مەسىلىسىمۇ بار. ئۇ، بولسىمۇ، ئاتا بىلەن پەرزەنت ۋە بىر ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدا ئىسىملارنىڭ مەنا ۋە شەكىل جەھەتتىن تاغدىن-باغدىن بولۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت. بۇمۇ، گۈزەللىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللاردۇر. مەسىلەن: گۈلىستان يانتاق، مۇنەۋۋەر يانتاق («مۇنەۋۋەر» نىڭ مەنىسى «نۇرلۇق»)، مۇھەممەد ئەخلەت، باتۇر سۇپۇرگە، ئايگۈل قابىز («قابىز» نىڭ مەنىسى يۇقىرىدا ئەسكەرتىلدى) دەيدىغان ئىسىم فامىلىلەر بار (قەشقەردە).

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئىسىم تاللىغاندا يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم. ئۇ، ھازىردىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەتلىك ئىسىم قويۇش، مەدەنىيەتلىك ئاتاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كىشى ئىسىملىرىنى ئۆزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشكە قاراپ قەدەم تاشلىشىمىز كېرەك.

# يەكەن سەئىدىيە خانلىقى

ئىبراھىم نىياز

## 1. چاغاتاي خانلىقىنىڭ يىقىلىشى ۋە سەئىدىيە خانىنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى

چاغاتاي خاندانلىقى، چاغاتاي خاندىن سۇلتان مەھمۇتخانغىچە 300 يىل داۋاملاشقان خانلىق چاغاتاي موڭغۇل خانلىقىدۇر. چۈنكى بۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلار چاغاتاي خاندانىدىن بولغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئىدارە تەشكىلاتى، ياساقى (قانۇنى)، رەسىم - مۇراسىملىرى تامامەن موڭغۇل ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق ئىدى.

دۆلەت خادىملىرى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى موڭغوللاردىن تەشكىل تاپقانىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت تاكى سۇلتان مەھمۇتخان دەۋرىگىچە داۋام قىلدى. پەقەت دىنىي ۋە بەزى ئىجتىمائىي ئىشلار ئازراق ئۆزگەردى.

سۇلتان مەھمۇتخان ۋاپاتىدىن سەككىز يىل كېيىن قۇرۇلغان سەئىدىيە دۆلىتى، يەرلىك ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىلەن دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى شىنجاڭ خەلقى تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭ ئىدارە، تەشكىلاتلىرى، رەسىم - مۇراسىملىرى، ئومۇمىي ھايات، مائارىپ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلار تامامەن يەرلىك مەدەنىي خەلقنىڭ يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە مۇۋاپىق بولۇپ، مۇھىمى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن ۋە ئەخلاقىغا ئاساسلانغانىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، سۇلتان مەھمۇتخاننىڭ ۋاپاتى بىلەن چاغاتاي موڭغول دۆلىتى يىقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى تىكلەندى.

سەئىدىيە خانلىقى سۇلتان سەئىدخاندىن باشلىنىپ ئاپپاق خوجا ۋاسىتىسى بىلەن جۇڭغارلار ئىستىلاسىغىچە 170 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى.

بۈيۈك ئىستىلاچى چىڭگىزخان — تېمۇچىن ئۆزى ئىستىلا قىلغان كەڭ مەملىكەت ۋە رايونلارنى ئۆزى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى قاراقۇرۇمدىكى قاغانلىق مەركىزىدە چوڭ بىر قۇرۇلتاي چاقىرىپ، تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

شۇ نىسبەتتە ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىنجاڭنى ئۇنىڭغا مىراس قىلىپ بېرىپ، چاغاتايغا پادىشاھلىق تاج كەيدۈرۈپ ئۇنى مۇبارەكلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىلىدا خانلىق ئوردىسىدا ئولتۇرغۇزدى.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاغاتاي ئاتا مىراس پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى توپ ـ توغرا 300 يىل داۋام قىلدى. چاغاتاي خانلىقىدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەمىر تېمۇر كوراگان (ئاقساق تېمۇر) تۇغلۇق تېمۇرخان ئوغۇللىرى خىزىر خوجا بىلەن ئىلياس خوجىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن باش تارتتى ھەمدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ چاغاتاي خانلىقى پارچىلاندى، ئىچكى ئىختىلاپلارمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى. يەنى خان، بەگزادىلار ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق، زېمىن، تەخت تالىشىش ماجىرالىرى زادىلا بېسىقماي ئەلگە كۆپ ۋەيرانچىلىق كەلتۈرۈپ، تەفرىقچىلىق ئىتتىپاقسىزلىق ئەۋج ئالدى.

ئەڭ ئاخىرىدا بۇنداق تەفرىقچىلىق، ئىتتىپاقسىزلىقتىن قەشقەردىكى زېمىندار مىرزا ئابابەكرى پايدىلىنىپ قەشقەر، يەكەنلەردە نوپۇز قازىنىپ قوراللىق ھەرىكەت قوللىنىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەخمەت خان چاغاتاي خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخانلار سەلتەنەت تالىشىپ، ئۆز ئارا ئۇرۇشۇشتى. بۇچاغدا مەنسۇرخان كۇچار، كورلا، قاراشەھەر، تۇرپان، بەشبالىق تەرەپلەرگە ئومۇمىي ۋالىي بولۇپ قارارگاھى تۇرپاندا ئىدى. سەئىدخان ئالتە شەھەرگە ئومۇمىي ۋالىي بولۇپ، قارارگاھى ئاقسۇدا ئىدى.

سەئىدخانغا ئىختىلاپچىلار (قارشى چىققۇچىلار) كۆپەيدى. بىر تەرەپتىن ئابابەكرىنىڭ ھۇجۇمى ۋە سۇئىقەستلىك ھەرىكەتلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ قارشىلىقى نەتىجىسىدە ئۆز زېمىنىدىن ئايرىلىپ تاغىسى بابۇر شاھتىن ياردەم تىلەش ئۈچۈن ھىندىستانغا يول ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىرزا ئابابەكرى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن، ئاقسۇ شەھەرلىرىگە رەسمىي ھۆكۈمدار بولدى.

مىرزا ئابابەكرى زالىم، بەتخۇي ئادەم ئىدى. ئۇ، ئۆز خاھىشى بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ ئاقسۇ خەلقىنى قەبىھ خانىۋەيران قىلدى. ئاقسۇ خەلقىنى قەشقەر، خوتەنلەرگە مەجبۇرىي كۆچۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ شەھىرى 16 يىل خارابىھالەتتە تۇرۇپ، شەھەردە بىرمۇ ھاياتلىق بولمىدى. شەھەر دەرۋازىسىنى جىخان بىلەن كۆمدۈردى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاقسۇ شەھىرىنى مۇنداق خارابە قىلىشىدىكى سەۋەب، يۇنۇس خاندىن كېيىن ئوغلى ئەھمەتخاننىڭ پايتەختى ئاقسۇ شەھىرىدە بولغانىدى. مىرزا ئابابەكرى سەئىدخان بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاقسۇنى ئالغاندىن كېيىن، ئەھمەتخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سەئىدخانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەمدە ئاقسۇ خەلقى سەئىدخان تەرەپتە تۇرۇپ مىرزا ئابابەكرىگە قارشى تۇرغانلىقتىن بۇ شەھەرنى مەشۇخ قىلىپ، ئاسۇق شەھەرنى بىنا قىلىپ ئىنىسى مىرزا ئەبۇ سەئىد سوپىنى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ ئاسۇقنى

قارارگاھ قىلدى. ئەبۇ سەئىد سۇيىمۇ مىرزا ئابابەكرىگە ئوخشاش زالىم بولغاچقا، ئاسۇق شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يارلىقتا توققۇز زىندان قازدۇرغانىدى.

دېمەك، سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا ۋەتىنىنى تاشلاپ، ھىندىستاننى نىشانلاپ يولغا چىقىپ ئالدى بىلەن پەرغانە تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. بۇ ۋاقىتتا پەرغانىدا چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان مۇھەممەت شەيبانىخان (1451—1510) باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاقساق تىمور ئەۋلادىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىپ بۇخارانى ئۆزىگە پايتەخت قىلىپ ئەتراپىغا كېڭەيمىشكە ئۇرۇنغان پەيت ئىدى.

ئەھمەتخان ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا لەشكەر تارتىپ باردى. بۇ ئۇرۇشقا ئۇنىڭ ئامراق ئوغلى سەئىدخانمۇ ئىشتىراك قىلدى. ھىجرىيە 908-يىلى ئەتراپىدا تاشكەنتنىڭ «ئەخسى» دېگەن يېرىدىكى ئۇرۇشتا ئەھمەتخان مەغلۇپ بولۇپ شايبەگخاننىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. سەئىدخان بۇ ۋاقىتتا بابۇر مىرزا بىلەن بىرگە نەمەنگان ئۇرۇشىدا قاتناشقان بولۇپ، ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلىنىپ، ئەھمەتبەگ تەمبىلنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. ئەھمەتخاننى شايبەگخان ئەسىرلىكتىن بوشۇتۇپ ئۆز ئورنى ئاقسۇغا يولغا سالدى. لېكىن ياش سەئىدخان بىر يىلدىن ئارتۇق نەمەنگان زىندانىدا يېتىپ كۆپ مۇشەققەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى ئەنجانغا جانىبەگ سۇلتان ۋە ئۆزبېك خانلار خان بولغاندىن كېيىن، سەئىدخاننى زىنداندىن بوشىتىپ نازارەت ئاستىدا ساقلاشقا بۇيرىدى. مۇشۇ پەيتلەردە ياش سەئىدخاندىكى جاسارەت ۋە قابىلىيەتنى كۆرگەن بەزى ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا ئاستىرىتتىن ھېسداشلىق قىلىشقا باشلىدى. سەئىدخان ئەشۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا تەييارلىق كۆرۈپ قېچىشقا ھەرىكەت قىلدى. نەتىجىدە پۇرسەت تېپىپ، 18 نەپەر قوراللىق ئادەم بىلەن قېچىپ ئىسسىقكۆل بويىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۇغقىنى سۇلتان مۇھەممەتخاننىڭ ھوزۇرىدا پاناھلاندى.

سەئىدخان ئىسسىقكۆل بويىدا مۇھەممەتخاننىڭ ھوزۇرىدا تۇرغان پەيتلەردە سۇلتان مۇھەممەتخاننىڭ ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمى پەتنە-پاساتقا تولۇپ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇھەممەتخاننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ دۆلەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇھەممەتخاندىن ئايرىلىپ، يىراق ئورۇنغا بېرىپ، ئۇنىڭغا قارشى مەخپىي ھەرىكەت ئۇيۇشتۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئۇ، مۇھەممەتخاندىن يەتتەسۇغا كېتىش ئۈچۈن رۇخسەت سورايدۇ. لېكىن ئۇ سەئىدخاننىڭ باشقا ئورۇنغا بېرىپ كۈچ توپلاپ ئۆزىگە قارشى ھەرىكەت قىلىشىدىن خەۋپسىرەپ ئۆز كۆز ئالدىدا نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۇنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىگە رۇخسەت بەرمەيدۇ.

شۇندىن كېيىن سەئىدخان يوشۇرۇن ھالدا ئۆز تەرەپدارلىرىدىن 200 دىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ، ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ، مەخپىي ھالدا بۇ يەردىن قاچىدۇ. سۇلتان مۇھەممەتخان بۇ ئەھۋالنى ۋاقتىدا سېزىپ قېلىپ، ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەس-

كەر ئەۋەتىدۇ. سەئىدخان بۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ يارىدار بولۇپ قولغا چۈشىدۇ. مۇھەممەتخان بۇنى قاتتىق نازارەت قىلىپ ساقلاشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. لېكىن، مۇھەممەتخاننىڭ بىپەرۋالىقىدىن پايدىلىنىپ، سەئىدخان مەخپىي ھەرىكەتكە كىرىشىدۇ. ئىككى يىل نەزەربەنتتە تۇرۇش جەريانىدا، يوشۇرۇن سۈرەتتە كۈچلۈك تەرەپدارلىرىنى تەشكىللەپ، بۇلار بىلەن ھىجرىيە 913-يىلى (مىلادى 1507-يىل) مۇۋەپپەقىيەتلىك قېچىپ، يەتتەسۇ رايونىغا بېرىپ، ئىنىسى خەلىل سۇلتان بىلەن بىرلىشىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئىنىسى خەلىل سۇلتان ۋە باشقىلار بىلەن كېڭىشىپ، سەئىدخان ئۆزىنى يەتتەسۇنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلىدۇ. سەئىدخان يەتتەسۇ رايونىدا خانلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇھەممەتخاننىمۇ ئاغدۇرۇپ، ئىسسىقكۆل رايونىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ھەربىي تەييارلىققا تۇتۇش قىلىدۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش بىلەن مۇھەممەتخاننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى يەتتەسۇ، ئىسسىقكۆل رايونلىرىنى ئۆز تەسەررۇپىغا قاراتتى. لېكىن بۇ ۋاقىتتا تۇرپان، بەشبالىق تەرەپلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاكىسى مەنسۇرخان، ئىنىسى سەئىدخاننىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن خەۋپسىرەپ، ئۇنى ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى بىر تۇغقان ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. يەتتەسۇ ۋە ئالماتا ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشلاردا سەئىدخان بارلىق ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، ناردىن جاڭگاللىرىغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇندى. خەلىل سۇلتانمۇ ئۇرۇشتا ئامان - ئېسەن قېلىپ ئەنجانغا كېلىپ جانىبەگ خان ھوزۇرىدا پاناھلاندى. مەنسۇرخان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، جانىبەگ خاننىڭ ھوزۇرىدىكى ئۆز تەرەپدارلىرى بولغان سەييىد مەھەمەت، سۇلتان ئېلى مىرزا قاتارلىقلارغا بۇيرۇق بېرىپ خەلىل سۇلتاننى ئۆلتۈرگۈزدى.

سەئىدخان بىر مەزگىل ناردىن جاڭگاللىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىمۇ كۆپ تۇرالماي ئالتە شەھەر تەرەپكە ئۆتۈپ، تارىم دەرياسى بويىدىكى دولانلار ئارىسىغا يوشۇرۇندى. ئۇ، بۇ يەرگە كېلىشتە دولانلار ئارىسىدىن قوشۇن توپلاپ مىرزا ئابابەكرىگە قارشى ھەرىكەت قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئەپسۇسكى دولانلار ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنىڭ ئەكسىچە ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ بەزىسىنى تۇتۇۋالدى. بۇ ئەھۋاللاردىن چۆچۈگەن سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادەملىرىگە تۇتۇلۇپ قېلىش خەۋپىنى تۇيۇپ ئۆزى يالغۇز ئات بىلەن ناردىنغا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردە كۆپ ئاۋارە بولۇپ جاڭگاللاردا چېچىلىپ يۈرگەن 40 دەك ئادىمى بىلەن خوتۇن-بالىلىرىنى تېپىپ بىر يايلاققا ئورۇنلىشىپ ئارام ئېلىپ تۇرغىنىدا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادەملىرى كېلىپقالدى. سەئىدخان مىرزا ئابابەكرى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ قېچىپ قۇتۇلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پەقەت 5-6 لا ئادىمى قالغانىدى. ئۇنىڭغا دائىم شەرق تەرەپتىن ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ، جەنۇب تەرەپتىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ، غەرب تەرەپتىن ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۈچ تەرەپلىمە خەۋپ ئىچىدە قالغان سەئىدخان بۇ خەۋپ - خەتەرلەر ئالدىدا روھى جەھەتتىن ھېچبىر بوشاشماستىن مەخپىي سۈرئەتتە بىر قانچە ئادەملىرى بىلەن پەر- غانىدىن چىقىپ ئافغانىستانغا بېرىش پىكرى بىلەن ئەنجانغا بارغىنىدا يەنە تۇتۇ- لۇپ قېلىپ قاماپ قويۇلدى. بۇ چاغدا ئەنجاندا جانىبەگ خان تەرىپىدىن قويۇلغان خوجا باتۇر دېگەن كىشى ھاكىم بولۇپ، بۇ كىشى سەئىدخانغا ھېسداش ئادەم ئىدى. خوجا باتۇر سەئىدخاننى بىر قانچە كۈن ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن ئارام ئالدۇرۇپ، ئۆزىگە ئىشەنچلىك 5-6 ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ قوشۇپ بەدەخشانغا يولغا سالدى. سەئىدخان بۇ يەردىن چىقىپ توختىماستىن بەدەخشانغا باردى. بەدەخشان خانى مىر- زىخان سەئىدخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن بەدەخشان- نىڭ پايتەختى زوفەر شەھىرىگە ئېلىپ كىردى. ئۇ بىر قانچە كۈن بۇ يەردە پاناھلىنىپ، مىرزىخاننىڭ ياردىمى بىلەن ھىجرىيە 916 - يىلى (مىلادى 1510- يىلى) شەئبان ئېيىدا كابۇلغا بېرىپ تاغىسى بابۇر شاھ بىلەن كۆرۈشتى. بابۇر شاھ ئەسلىدە ئانا تەرىپىدىن چاغاتاي ئەۋلادى بولۇپ، سەئىدخاننىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. دادا تەرىپىدىن ئىمىر تىمۇر كوراگان ( ئاقساق تىمۇر ) ئەۋلادى ئىدى.

سەئىدخان كابۇلغا كەلگەندىن كېيىن بابۇر شاھ سەئىدخاندىن دائىم ھەزەر قىلدى ۋە يوشۇرۇن ئادەم قويۇپ ئاستىرىتتىن نازارەت قىلدى. سەئىدخان كابۇلدا ئىككى يىلدەك تۇرۇپ، بۇ جەرياندا پەرغانىدىكى ئۆز يېقىنلىرى ۋە تەرەپ- دارلىرى بىلەن دائىم يوشۇرۇن ھالدا ئالاقىلىشىپ تۇردى ۋە پۇرسەت كۈتتى. چۈن- كى بۇ چاغدا سەئىدخاننىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھېچ قانداق خەۋپ- خەتەر، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان جەسۇر ئىرادىلىك كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن، پەرغانىدا پاناھلىنىپ يۈرگەن ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرى، كەلگۈسىدە سەئىد- خان تەرىپىدىن ھاكىمىيەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىشىپ، ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەم ۋە ھېسداشلىق قىلىشقا باشلىدى.

ھىجرىيىنىڭ 916 - يىلى ( مىلادى 1510 - يىلى ) شايبانىخان مەرۋى پادىشاھى ئىسمائىل سەپەۋى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، يېقىندىن تۈزۈلگەن ئۆزبېك، قىپچاق دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى.

بابۇر شاھ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا يۈرۈش قىلدى. سەئىدخانمۇ بۇ يۈرۈشتە بابۇر شاھقا ھەمراھ بولدى. ئۇلار قۇندۇز شەھىرىگە كەلگەندە پەرغانىدىن ئۇ يەردىكى سەئىدخان تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلغان خەۋىرى ھەمدە بابۇر شاھتىن ياردەم سورىغۇچى ئەلچىلەر كېلىپ بابۇر شاھ بىلەن ئۇچراشتى. بابۇر شاھ ئۇلارنىڭ ئىلتىماسلىرىغا ئاساسەن سەئىدخاننى بىر قىسىم قوشۇن بىلەن پەرغانىغا ئەۋەتتى. سەئىدخان پەرغانىغا كېلىپ بۇ يەرلەرنى ناھا- يىتى تېزلا ئىشغال قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇنى بىلەنمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچرىشىپ ئۇلارنىمۇ مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان پەرغانىدا، بابۇر شاھ سەمەرقەندتە ھەرىكەت قىلىپ ئۆزبېك خانلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئۇرۇشلاردا زەپەر قازانغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلالمىدى.

شۇ يىلى سەئىدخان تاشكەنتنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ ئۆزبېك خانى سۈيۈنچۈك خاندىن يېڭىلىپ پەرغانىغا قايتىپ كەلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا بابۇر شاھ ئوبەيدە خاندىن يېڭىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن چېكىنىپ كابۇلغا قاراپ چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. نەتىجىدە سەئىدخان بىر قانچە دۈشمەن ئارىسىدا يالغۇز قالدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان سۈيۈنچۈك پەرغانىغا سەئىدخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. سەئىدخان سۈيۈنچۈكنىڭ ئالدى تەرىپىدىن مۇداپىئە قىلىپ، ئارقا تەرىپىدىن ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ سېپىنى ئۈزۈۋېتىپ ئۇنى پارچىلاپ مەغلۇپ قىلدى، لېكىن شۇندىن كېيىن ئۆزبېكلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپلار پەسىيىپ ئۇششاق ئۆزبېك خانلىقلىرى ئوبەيدە خاننىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلاشتى. ئەمدىلىكتە بۇلاردا دۈشمەنلىرىگە غالىپ كېلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سەئىدخان ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرالماسلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆزبېكلەرنىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى قازاقلارنىڭ خانى قاسىمخان بىلەن بىرلىشىپ ئۆزبېكلەرگە قارشى ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى. قاسىمخان ئەسلىدە جانىبەگ خاننىڭ ئوغلى بولۇپ سەئىدخاننىڭ ھاممىسى سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ ئېرى ئىدى. قاسىمخان سەئىدخاننى چوڭ ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇلار كېڭىشىپ ھىجرىيىنىڭ 919- يىلى (مىلادى 1513-يىلى) باھاردا ئىككى تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا ئۆزبېكلەر ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىغا كېلىشتى. بىراق باھاردا قىپچاقلارنىڭ غەربىي تەرىپىدە توقۇنۇش پەيدا بولۇپ، قاسىمخان شۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، پىلان بويىچە ئىش قىلىش مۇمكىن بولمىدى.

سۈيۈنچۈك خان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ھىجرىيىنىڭ 920 - يىلى پەرغانىغا قاراپ سەئىدخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن سەئىدخان سەركەردىلىرى بىلەن كېڭەشمە ئۆتكۈزۈپ، سۈيۈنچۈك خاننىڭ بىرلەشكەن كۈچىگە تاقابىل تۇرالماسلىقىنى چۈشىنىپ ئۇرۇش قىلماستىن قەشقەر تەرەپكە چېكىنىش قارارىغا كەلدى ۋە ئۆزگەن يولى بىلەن قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى.

ئۇ جەمئىي 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھىجرىيىنىڭ 920- يىلى (مىلادى 1514- يىلى) 1 - ئايدا نارىنغا كېلىپ بۇ يەردە بىر ئايدەك تۇرۇپ، قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، تولۇق تەييارگەرلىك كۆرگەندىن كېيىن قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مىرزا ئابابەكرى بىلەن بولغان ئۇرۇش باشلاندى.

( داۋامى كېيىنكى ساندا )



Altun

# ئېلېكتروننىڭ ئۆزلۈك ئايلىنىشى توغرىسىدا يۈزەكى مۇلاھىزە

ياڭ رۇڭفۇ


## I

1925 - يىلى گوللاندىيىلىك ئۇخلېنبېك ( *G.E. Uhlenbeck* ) ۋە گوئۇدسمىت ( *S. Goudsmit* ) قاتارلىق ئىككى نەپەر ياش ئوقۇغۇچى ، ئىشقارلىق مېتاللار ئاتوم ئېنېرگىيە دەرىجىسىنىڭ قوش قاتلىق تۈزۈلىشىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، باش-قا تەجرىبە پاكىتلىرىغا ئاساسلىنىپ ، كېيىنكى تەجرىبىلەر ئىسپاتلاپ چىققان پەرەزنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى : ئېلېكترون ئوربىتىلىق ھەرىكەتكە ئىگە بولغاندىن سىرت ، يەنە ئۆز ئوقىنى ئايلىنىش ھەرىكىتىگىمۇ ئىگە شۇنداقلا مۇقىم بولغان ئۆز ئوقىنى ئاي-لىنىش بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارى $Si=\frac{1}{2}$ ، $P_{si}=\sqrt{S_i(Si+1)}h$ غىمۇ ئىگە. ئىپادىسىدىكى $S_i$ بولسا ئۆز ئوقىنى ئايلىنىش كۋانت سانى. كېيىن ئاساسىي زەر-رىچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئوقىنى ئايلىنىش ھەرىكىتىگە ئىگە ئىكەن-لىكى بايقالدى. ئېلېكتروندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئۆزلۈك ئايلىنىش ھەرىكە-تىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى، مىكرو ئوبيېكتلارغا بولغان تونۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بولسىمۇ ، ئەمما خۇددى پروفېسسور ياڭ جېننىڭ: «بىز ئۆزلۈك ئايلىنىشقا نىسبەتەن ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىغا ئىگە بولدۇقمۇ ؟ مەن ھەرگىز ئۇنداق دەپ قارىمايمەن» دې-گىنىدەك، بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە مەن پەقەت «ئۆزلۈك ئايلىنىش» قا دائىر بەزى كۆز قاراشلار ۋە ئېلېكتروننىڭ ئۆز ئوقىنى ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارىنىڭ گۇرۇپپىلىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئۆزلۈك ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارى قىسقارتىلىپ ئۆزلۈك ئايلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر قوللىنىلىۋاتقان بەزى دەرسلىك كىتابلاردا ئۆزلۈك ئايلىنىش توغرىسىدا ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ خىل چۈشەندۈرۈش بايان قىلىنغان: (1) (ئۆزلۈك ئاي-لىنىش) بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارىنىڭ نىسبەتەن توغرا بولغان ئىپادىلىنىش فور-مۇلىسى $P_{si}=\sqrt{S_i(S_i+1)}h$ $\left(=\frac{\sqrt{3}}{2}h\right)$ ؛ (2) ھەر بىر ئېلېكترون يەنە ماددە

لىدىق قىممەت جەھەتتىن $\frac{1}{2}h$ بولغان مېخانىكىلىق ھەرىكەت مىقدارى ماھىيىتىگە ئىگە؛ (3) ئۆز ئوقىنى ئايلىنىشى $\frac{1}{2}$ بولغان زەررىچىلەر ئېلېكترونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (ئېلېكترون، پروتون، نېيترونىنىڭ ئۆزلىك ئايلىنىشى بىردەكلا $\frac{1}{2}$ بولىدۇ). ئۇنداقتا، ئېلېكترونىنىڭ ئۆزلىك ئايلىنىشى زادى $\frac{\sqrt{3}}{2}h$ مۇ ياكى $\frac{1}{2}h$ مۇ ۋە ياكى $\frac{1}{2}$ مۇ؟ بۇنى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

بىزگە مەلۇمكى، ئېلېكترونىنىڭ ئۆزلىك ئايلىنىشىنىڭ بوشلۇقتىكى يۆنىلىشى كۋانتلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدە يۆنىلىشتىكى — ئالايلۇق سىرتقى ماگنىت مەيدانىنىڭ يۆنىلىشىدىكى پروېكسىيەسى $P_{msi}=m_{si}h$ بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ئۆزلىك ئايلىنىش ماگنىت كۋانت سانى $m_{si}=\pm\frac{1}{2}$، يەنى پەقەت ئىككى خىللا يۆنىلىشكە ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر سىرتقى ماگنىت مەيدانىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن z ئوقىنىڭ يۆنىلىشى بىردەك قىلىپ تاللانسا، $\vec{P}_{si}$ بىلەن z ئوقى ئارىسىدىكى تار بۇلۇڭ θ تا مانا ئېنىق بولۇپ، ئۇ: $\cos\theta = m_{si}h/\sqrt{S_i(S_i - 1)}h = \pm\frac{1}{\sqrt{3}}$ بۇنىڭدىكى $\theta = 54.7356°$ ياكى 125.2644 بولىدۇ. $\vec{P}_{si}$، z نى ئوق قىلغان، $P_{si}$ نى ئانا سىزىق قىلغان، θ نى يېرىم چوققا بۇلۇڭ قىلغان كونۇس يۈزى ئۈستىدىكى خالىغان ئورۇندا يۇقىرىقى شەرتنى قانائەتلەندۈرىدۇ. رەسىمدە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەڭگۈ z ئوقى بىلەن ئۈستى — ئۈستىگە چۈشۈپ كېتەلمەيدۇ. بۇلار مىكرو زەررىچىلەرنىڭ دولقۇن — زەررە ئىككى ياقلىمىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. مانا بۇ نۇقتا بور نەزەرىيىسى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئېلېكترونىنىڭ ئۆزلىك ئايلىنىشى $\frac{\sqrt{3}}{2}h$ بولىدۇ. بىراق كىشىلەر ئۆزلىك ئايلىنىشنىڭ مەلۇم يۆنىلىشتىكى پروېكسىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ قىممىتى $\frac{1}{2}h$ نى دائىم، ئېلېكترونىنىڭ ئۆزلىك ئايلىنىشى دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغان، بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر تەبىئىي بىرلىك ($h=1$) قوللىنىلسا ئۇ ھالدا ئۆزلىك ئايلىنىش $\frac{1}{2}$ بولىدۇ. $\frac{1}{2}h$ نى ئۆزلىك ئايلىنىشنىڭ ئەقەللىي قىممىتى دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى $P_{si}=\sqrt{S_i(S_i+1)}h$ دا




1. رەسىم


پەقەت $S_i \gg 1$ بولغاندىلا، ئاندىن $P_{si} = S_i h = \frac{1}{2} h$ بولىدۇ. ۋاھالەنكى $S_i$، 1 دىن يەنىلا كىچىك بولىدۇ.

## II

بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارىنىڭ گورۇپپىلىنىشىدا ۋېكتور مودېلى مۇۋاپىق قوللىنىلسا، بىۋاستە كۆزىتىشنى ئىلىق كۆچەيتىپ، چۈشىنىشكە ئاسانلىق تۇغدۇرغىلى بولىدۇ. ئىككى ئېلېكترونىنىڭ ئۆزلىك ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارىنى گورۇپپىلىغان چاغدا، ۋېكتور مودېلى بويىچە گورۇپپىلىغاندىن كېيىن ئومۇمىي ئۆزلىك ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارى $\vec{P}_s = \vec{P}_{s1} + \vec{P}_{s2}$ بولىدۇ. يەنى $\vec{P}_s$، $\vec{P}_{s1}$ بىلەن $\vec{P}_{s2}$ نىڭ ۋېكتورلۇق يىغىندىسىغا تەڭ بولۇپ، پاراللېل تۆت تەرەپلىك قائىدىسىنى قانائەتلەندۈرىدۇ ھەمدە ئۇلار ئورتاق يۈزگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە $\vec{P}_s$ كۋانتلاشقان بولىدۇ، يەنى:

$$P_s = \sqrt{S(S+1)}h = \sqrt{2}h,\quad 0$$

بۇ ئىككىدىكى $S = S_1 \pm S_2 = 1$ $(s_1 = s_2 = \frac{1}{2})$ ۋە $s = 0$، $\vec{P}_s$ نىڭ z ئوقىدىكى پرويېكسىيەسى $P_{ms} = m_s h$ بولۇپ، $m_s$ ئايرىم - ئايرىم ھالدا $m_s = 1, 0, -1$، $m_s = 0$؛ $\vec{P}_s$ بىلەن z ئوقى ئارىسىدىكى ئار بۇلۇڭمۇ تامامەن ئېنىق بولۇپ، $\cos\phi = \frac{1}{\sqrt{2}}, 0, -\frac{1}{\sqrt{2}}$، شۇڭا $\phi$ ئايرىم - ئايرىم $\phi = 45°, 90°, 135°$ بولىدۇ.




2- رەسىم

($s = 0$، $m_s = 0$ بولغاندا بۇلۇڭ $\phi$ ئېنىقسىز بولىدۇ). $\vec{P}$، z نى ئوق، $\vec{P}_s$ نى ئاناسىر قىلىپ، $\phi$ نى يېرىم چوققا بۇلۇڭ قىلغان كونۇس يۈزى ئۈستىدە جايلاشقان چاغدا يۇقىرىقى شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. 2- رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ۋېكتور مودېلىغا ئاساسەن $s = 1$ گە نىسبەتەن $\vec{P}_{s1}$ بىلەن $\vec{P}_{s2}$ ئارىسىدىكى ئار بۇلۇڭنىڭ 70.5288° بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاش قىيىن ئەمەس.

2 - رەسىمدە $\vec{P}_s(0)$، $m_s = 0$؛ $S = 0$؛ $m_{s1} = \frac{1}{2}$؛ $m_{s2} = -\frac{1}{2}$ لار بىلەن ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىز بۇ يەردە بەزى كىتابلاردىكىگە ئوخشاش $\vec{P}_{s1}$ بىلەن $\vec{P}_{s2}$ نى پاراللېل قىلماي سىزمىدۇق. 2 ـ رەسىمدىكى سىزمىش ئۇسۇلى ۋېكتور مودېلى بىلەن بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارىنىڭ بوشلۇقتا كۋانتلىنىشىنىڭ تەلىپىنى بىرلا ۋاقىتتا قانائەتلەندۈرىدۇ. $\vec{P}_{s1}$ بىلەن $\vec{P}_{s2}$ ئارىسىدىكى تار بۇلۇڭ $70.5288^\circ$ بولسا، ئۇ ھالدا $\vec{P}_s$ نىڭ چوقۇم شۇنىڭغا ماس ھالدىكى كونۇس يۈزى ئۈستىدە بولىدىغانلىقىنى ھەمدە $\vec{P}_s = \vec{P}_{s1} + \vec{P}_{s2}$ نى قانائەتلەندۈرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش قىيىن ئەمەس. ئەگەر $\vec{P}_{s1} // \vec{P}_{s2}$ ياكى $\vec{P}_{s1} // \vec{P}_{s2} // \vec{P}_s$ نى سىزىپ قويساق ئاسانلا خاتا چۈشىنىپ قېلىش ھادىسىلىرى كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئىككى ئېلېكتروننىڭ ئۆزلىك ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارىنى «پاراللېل» ياكى «ئەكس پاراللېل» دەپ ئاتاش ئۇلارنىڭ ئۆزلىك ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارى ۋېكتورىنىڭ مەلۇم بىر يۆنىلىش (مەسىلەن: $z$ ئوقى) دىكى پروېكسىيىسى ئوخشاش ئالامەتلىك ياكى قارىمۇ ـ قارشى ئالامەتلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بۇنى ئىككى ۋېكتور پاراللېل ياكى ئەكس پاراللېل دەپ چۈشىنىپ قالماسلىق كېرەك. ئۆزلىك ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارى «يۇقىرىغا قارىغان» ياكى «تۆۋەنگە قارىغان» دېگەننى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا چۈشىنىش كېرەك، چۈنكى يۇقىرى ۋە تۆۋەن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا نىسپىي بولۇپ، ئۇ مەلۇم تاللانغان ئالاھىدە يۆنىلىش ـ ئالايلۇق سىرتقى ماگنىت مەيدان يۆنىلىشىگە قارىتىپ ئېيتىلغان. ئېلېكتروننىڭ ئۆزلىك ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدارى ۋېكتورىنىڭ سىرتقى ماگنىت مەيدان يۆنىلىشىدىكى پروېكسىيىسى ئوڭ بولسا بۇ ئۇنىڭ يۇقىرىغا قارىغانلىقىنى، ئۇنداق بولمىسا تۆۋەنگە قارىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى بۇنى سىرتقى ماگنىت مەيدانىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش ياكى قارىمۇ ـ قارشى يۆنىلىشتە دەپ چۈشىنىپ قالماسلىقىمىز لازىم.

## III

كۋانت مېخانىكىسىدا ئىككى ئېلېكترونلۇق سىستېمىنىڭ ئۆزلىك ئايلىنىش ھالىتىنىڭ دولقۇن فۇنكسىيىسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

$$X_s^{(1)} = X_{\frac{1}{2}}(m_{s1}) X_{\frac{1}{2}}(m_{s2}),$$

$$X_s^{(2)} = X_{-\frac{1}{2}}(m_{s1}) X_{-\frac{1}{2}}(m_{s2}),$$

$$X_s^{(3)} = \frac{1}{\sqrt{2}} \left[ X_{\frac{1}{2}}(m_{s1}) X_{-\frac{1}{2}}(m_{s2}) + X_{-\frac{1}{2}}(m_{s1}) X_{\frac{1}{2}}(m_{s2}) \right],$$

$$X_A^{(0)} = \frac{1}{\sqrt{2}} \left[ X_{\frac{1}{2}}(m_{s1}) X_{-\frac{1}{2}}(m_{s2}) - X_{-\frac{1}{2}}(m_{s1}) X_{\frac{1}{2}}(m_{s2}) \right].$$

بۇ ئىسپادىدىكى $X_{\pm\frac{1}{2}}(m_{s1})$ بىلەن $X_{\pm\frac{1}{2}}(m_{s2})$ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا

ئوپېراتور $\hat{P}_{ms1}$ بىلەن $\hat{P}_{ms2}$ نىڭ خاراكتېرلىگۈچى قىممىتى $\pm\frac{h}{2}$ گە ماس بولغان خاراكتېرلىگۈچى فۇنكسىيىدۇر. $X_s^{(3)}$، $X_s^{(2)}$، $X_s^{(1)}$ بولسا سىممېترىك بولغان ئۆزلىك ئايلىنىش دولقۇن فۇنكسىيىسى، ئۇلار $\hat{P}_s^{(0)}$ بىلەن $\hat{P}_{ms}$ نىڭ ئورتاق خاراكتېرلىگۈچى فۇنكسىيىسى بولۇپ، $\hat{P}_s^2$ نىڭ خاراكتېرلىگۈچى قىممىتى $2h^2$، $\hat{P}_{ms}$ نىڭ خاراكتېرلىگۈچى قىممىتى $h$، $-h$، 0 دىن ئىبارەت. $X_A^{(0)}$ بولسا ئانتىسىممېترىك ئۆز- لىك ئايلىنىش دولقۇن فۇنكسىيىسى بولۇپ، سىستېما بۇ ھالەتتە تۇرغاندا، $\hat{P}_s^2$ بى- لەن $\hat{P}_{ms}$ نىڭ خاراكتېرلىگۈچى قىممىتىنىڭ ھەممىسى نۆل بولىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدىكى $X_s^{(3)}$، $X_s^{(2)}$، $X_s^{(1)}$ ۋە $X_A^{(0)}$، 2 - رەسىمدىكى $P_s$ ۋە $P_s^{(0)}$ بى- لەن ماسلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە، ئەگەر كېيىنكىسى بىلەن ئالدىنقىسىنى ئىپادە قىلى- ساق ئۇ ھالدا:

1. $|\vec{P}|^2$ بىلەن $|\vec{P}_s^{(0)}|$ ئايرىم - ئايرىم ھالدا، سىستېما $X_s^{(1)}$, $X_s^{(2)}$, $X_s^{(3)}$ ۋە $X_A^{(0)}$ ھالەتتە تۇرغان چاغدىكى $\hat{P}_s^2$ بىلەن $\hat{P}_s^{2(0)}$ نىڭ خاراكتېرلىگۈچى قىم- مىتى بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا $2h^2$ ۋە 0 بولىدۇ.

2. $\vec{P}_s$ بىلەن $\vec{P}_{ms}^{(0)}$ نىڭ $z$ ئوقى ئۈستىدىكى پرويېكسىيە قىممىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، سىستېما $X_s^{(3)}$، $X_s^{(2)}$، $X_s^{(1)}$، ۋە $X_A^{(0)}$ ھالەتتە تۇرغان چاغدىكى $\hat{P}_{ms}$ بىلەن $\hat{P}_{ms}^{(0)}$ نىڭ خاراكتېرلىگۈچى قىممىتىگە تەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى ئاي- رىم - ئايرىم ھالدا $h$، $-h$، 0 ۋە 0 بولىدۇ.

3. $\hat{P}_s^2$ بىلەن $\hat{P}_{ms}$ نىڭ خاراكتېرلىگۈچى قىممىتى بىرلا ۋاقىتتا ئېنىق قىم- مەتكە ئىگە بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ كوممۇتاتىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(خەنزۇچىدىن ئەيسا سەلەي تەرجىمىسى. تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇتلۇق ئەھمەت).

# «ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسى»نى ئوقۇتۇش ھەققىدە دەسلەپكى مۇھاكىمە

ھەسەن قاسىم

ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرى ماتېماتىكا فاكۇلتېتلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئاساسىي دەرسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ دەرس ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىنى قوزغىتىش، باشقا ماتېماتىكا كەسپىي دەرسلىرىگە ئوخشاش ئانچە ئوڭاي ئەمەس. ھەتتا بەزى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بۇ دەرستىن زېرىكىش ھېس قىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك بولغانلىقتىن، بۇ ماقالىدا پەقەت شۇ سەۋەبلەردىن بىرى بولغان دەرسلىك مەزمۇنىنى بايان قىلىشتا ئوقۇغۇچىلارغا ئىخچام، جانلىق، سىستېمىلىق يەتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسمى «ئومۇمىي بايان»؛ ئىككىنچى قىسمى «دەرسلىكلەر تەھلىلى» دىن ئىبارەت. «ئومۇمىي بايان» قىسمىدا، ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسىنىڭ ئەھمىيىتى، تارىخىي جەريانى، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىغا دائىر ئەمەلىي مەسىلىلەر، ئوقۇتۇش پرىنسىپلىرى، فورماللوگىكىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتۇشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن-قائىدىلىرى، دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىغا دائىر ئەمەلىي بىلىملەر كەڭ، تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار بۇرۇن ئۆگەنگەن پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە دەرسلىرىنىڭ قانۇن-قائىدىلىرى ئاساسىدا، دەسلەپكى قەدەمدە ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى، جەريانى، باسقۇچلىرى ۋە ئوقۇتۇشنىڭ ئىچكى باغلىنىشى، قانۇنىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىدۇ. «دەرسلىكلەر تەھلىلى» قىسمىدا، ئالگېبرا، ئېلېمېنتار فۇنكسىيە، ئانالىتىك گېئومېترىيە، ئېلېمېنتار گېئومېترىيە، ئورۇنلاشتۇرۇش، گورۇپپىلاش ۋە ئېھتىماللىق نەزەرىيىسىگە دائىر بىلىملەر؛ دىففېرېنسىئال ئىنتېگرالغا دائىر دەسلەپكى بىلىملەر ۋە ئۇلارنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، شۇنداقلا بۇ مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى تارىخىي ماتېرىياللار بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ھەر بىر مەزمۇنلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى، ئىچكى باغلىنىشى، كونكرېت مەزمۇنى، بۇلارنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇشتا دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار بىلەن تونۇشىدۇ ۋە بۇرۇن ئۆگەنگەن

ئالىي ماتېماتىكا، ماتېماتىكا ئانالىزى، ئالىي گېئومېترىيە، ئالىي ئالگېبرا، سانلار نەزەرىيىسى قاتارلىق پەنلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىرى ئۈستىدىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىشىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكىسى ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى قۇرۇلما قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ.

ئومۇمەن، ماتېماتىكا دەرسى مەزمۇنى كۆپ، دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا دەرسنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن دەرسلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى ئايرىم-ئايرىم تارماقلارغا ئاجرىتىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر بىر تارماق ئۈستىدە كونكرېت مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ تەتقىق قىلغاندا ئاندىن نەتىجە تېز ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشىش مۇمكىن. شۇڭا مۇشۇ مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودى « دەرسلىكلەر تەھلىلى » قىسمىدىكى ئېنىق ئىنتېگرال ئېنىقلىمىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىپ ئوقۇتۇشى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمەن.

## 1. ئوقۇغۇچىلارنى دەرس مەزمۇنىنى بېرىلىپ مۇھاكىمە قىلىشقا يېتەكلەش

ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسىنى ئۆگەنگەندە ئومۇمەن ئادەتتىكىچە چۈشىنىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە سىرتقى شەكىلگىلا بېرىلىپ ئىچكى ماھىيىتىنى ئىگىلىمەسلىكتىن ئىبارەت. شۇڭا بەزى ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىغا مەسىلە قويالمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى ئۇلارغا قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك؟ ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئوتتۇرىغا مەسىلە قويۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىش كېرەك. مانا بۇ دەسلەپكى پىكىر قىلىشنىڭ ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پىكىر قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مەسىلەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكىدىكى ئېنىق ئىنتېگرال ئېنىقلىمىسىنى ئوقۇتۇش ئاساسىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ:

(1) ئېنىق ئىنتېگرال چۈشەنچىسى قانداق شەكىللەنگەن؟

(2) بىزگە مەلۇمكى، دىففېرېنسىئال-ئىنتېگرال دەرسلىكلىرىدە ئېنىق ئىنتېگرالغا ئېنىقلىما بېرىشتە ئارىلىق $[a,b]$ نى ئىختىيارى بۆلۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدا بولسا ئارىلىق $[a,b]$ نى تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ئۇنداق بولسا ئادەتتىكى فۇنكسىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئېنىق ئىنتېگرال ئېنىقلىمىسىدىكى بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل تەڭكۈچلۈكمۇ - يوق؟

(3) ئېنىق ئىنتېگرال $\lim_{n\to\infty}\sum_{i=1}^{\infty} f(\ )\Delta x$ سانلار ئارقىمۇ - ئارقىلىقىنىڭ لىمىتىمۇ - ئەمەسمۇ؟ ۋە باشقىلار.

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى ئوقۇغۇچىلارنى پىكىر قىلىشقا يېتەكلەش ئاساسىدا، بىر-لىكتە مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا بولىدۇ:

(1) ئىنتېگرال ئىدىيىسى قەدىمكى گرېتسىيە دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئارخىمېد فارابولا بىلەن ئايلانما جىسىملارنىڭ ھەجىملىرىنى تېپىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا ئىنتېگرال ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن. XVI ئەسىرگە كەلگەندە ياۋروپا سانائىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ئاسترونومىيە ۋە دىنامىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ناھايىتى روشەنكى، بۇ پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ھەرگىزمۇ ماتېماتىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولغانلىقتىن ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار ماتېماتىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات تەبىئىي ھالدا ئالغا سۈرۈلدى. تەخمىنەن 1636 - يىلى فېرمان بىرىنچى قېتىم ئىنتېگرال $\int_a^b f(x)\,d(x)$ نى $\sum_{k=1}^{n} f\left(a+\frac{(K-I)(b-a)}{n}\right)\frac{b-a}{n}$ نىڭ لىمىتى دەپ ئېنىقلىغان. شۇنىڭدەك $\int_0^a x^n dx=\frac{a^{n+1}}{n+1}$ نى تېپىپ چىققان.

XVII ئەسىرگە كەلگەندە نيۇتون ئىنتېگرالنى ئېقىم مىقدارى ھەمدە ئۇنى ھاسىلىنىڭ تەتۈر ئەمەلى دەپ قارىغان. بۇ خىل قاراش XVIII ئەسىردە تېخىمۇ كەڭ تارالغان. مەسىلەن، بېرنوللى ئىنتېگرالنى يىغىندى دەپ قاراش ئېنىقلىمىسىنى قالدۇرۇپ قويغان. ئەيلېر، لاگرانژ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل قاراشنى قوللىغان. كوشى بولسا ئېنىق ئىنتېگرالنىڭ يىغىندى ئىپادىسىنىڭ لىمىتى ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلىگەن. ئۇ، ئارىلىق $[a, b]$ ئۈستىدىكى خالىغان فۇنكسىيە $f(x)$ گە نىسبەتەن ئارىلىق $[a, b]$ نى ئىختىيارى بۆلەك $a=x_0<x_1<x_2<\cdots<x_n=b$ گە بۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر بىر كىچىك ئارىلىقنىڭ سول ئۇچ نۇقتىسىدىكى فۇنكسىيە قىممىتىنى كۆپەيتمىنىڭ يىغىندىسى $\sum_{i=1}^{n} f(x_{i-1})(x_i-x_{i-1})$ قىلىپ ئېلىپ ئاندىن $\int_a^b f(x)\,dx$ نى بۇ يىغىندىنىڭ $\Delta=\max_{1\leqslant i\leqslant n}(x_i-x_{i-1})\to 0$ دىكى لىمىتى دەپ ئېنىقلىغان.

XIX ئەسىرگە كەلگەندە گېرمانىيە ماتېماتىكا ئالىمى رىمان، رىمان ئىنتېگرالىنىڭ

ئېنىقلىمىسى $\int_a^b f(x)dx=\lim\limits_{|\Delta|\to 0}\sum\limits_{i=1}^{n} f(\xi_i)\Delta x_i$ نى ئوتتۇرىغا قويى-
غان. بۇنىڭدا $\xi_i$ بولسا $[x_{i-1}, x_i]$ دىكى خالىغان نۇقتا، بۆلۈش ئۇسۇلى $\Delta$ بولسا ئىختىيارى ئېلىنغان. يەنى:

$$|\Delta|=\max_{1\leqslant i\leqslant 0}\{\Delta x_i\}$$

دېمەك، ئىنتېگراللىنىش شەكىللىنىش تارىخىدىن قارىغاندا ھازىرقى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكىدىكى ئىنتېگرال ئېنىقلىمىسىدا فېرماتىنىڭ تەكشى بۆلۈش ئۇسۇلى بىلەن رىمان ئېنىقلىمىسىدىكى خالىغانچە نۇقتا ئېلىش ئۇسۇلى بىرلىكتە قوللىنىلغان. تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈش ئۇسۇلى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىختىيارى نۇقتا ئېلىش ئۇسۇلى (خالىغانچە بۆلۈش ئۇسۇلى) بولسا يېقىنقى زامان ئىنتېگرال ئېنىقلىمىسىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكىدىكى ئىنتېگرال ئېنىقلىمىسى پەقەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر خىل ئېنىقلىمىدىن ئىبارەت.

(2) بىزگە مەلۇمكى، ئۈزلۈكسىز فۇنكسىيە ئىنتېگراللانغۇچى فۇنكسىيە بولۇپ، ئارىلىق $[a,b]$ غا نىسبەتەن ئىختىيارى بۆلەكلەرگە بۆلۈش ۋە ئارىلىق $[a,b]$ غا نىسبەتەن تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا تەڭ كۈچلۈكتۇر.

بىز تۆۋەندە ئادەتتىكى فۇنكسىيىگە نىسبەتەن تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈپ يىغىندى ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە بېرىلگەن ئىنتېگرال ئېنىقلىمىسى بىلەن رىمان ئىنتېگراللىدىكى ئىختىيارى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ يىغىندى ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە بېرىلگەن ئىنتېگرال ئېنىقلىمىسىنىڭ تەڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايمىز.

[1- تېئورېما] ئەگەر $f(x)$ فۇنكسىيىسى ئارىلىق $[a,b]$ دا ئىختىيارى بۆلەكلەرگە بۆلۈش ئۇسۇلى:

$$T:\quad a=x_1<x_2<\cdots<x_n<x_{n+1}=b$$

ھەممە ئىختىيارى $\xi_i\in[x_i, x_{i+1}]$ گە نىسبەتەن:

$$\lim_{\lambda(T)\to 0}\sum_{i=1}^{n} f(\xi_i)(x_{i+1}-x_i)=I$$

(بۇنىڭدا $\lambda(T)=\max\limits_{1\leqslant i\leqslant n}(x_{i+1}-x_i)$) بولسا ئۇ ھالدا تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈش ئۇسۇلى:

www.uyghurkitap.com

$a = x_1<x_2<\dots<x_n<x_{n+1} = b$ گە نىسبەتەن

$$\lim_{n\to\infty}\sum_{i=1}^{n} f(\xi_i)\triangle x = I$$

بولىدۇ. بۇ نەتىجە ناھايىتى چۈشىنىشلىك، چۈنكى ئىختىيارىي بۆلەكلەرگە بۆلۈش، تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[2 - تېئورېما] ئەگەر فۇنكسىيە $f(x)$، ئارىلىق $[a, b]$ دا تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈش $a=x_1<x_2<x_3<\dots<x_n<x_{n+1}=b$ گە ۋە ئىختىيارىي $\xi_i \in [x_i, x_{i+1}]$ گە نىسبەتەن

$$\lim_{n\to\infty}\sum_{i=1}^{n} f(\xi_i)\triangle x = I$$

بولسا، ئۇ ھالدا ئىختىيارىي بۆلەكلەرگە بۆلۈش ئۇسۇلى $T$ گە نىسبەتەن

$$\lim_{\lambda(T)\to 0}\sum_{i=1}^{n} f(\xi_i)(x_{i+1}-x_i) = I$$

بولىدۇ.

بۇ تېئورېمىنى تولۇق ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى لېممىدىن پايدىلىنىش مۇمكىن:

[1 - لېمما] $f(x)$ فۇنكسىيىسى ئارىلىق $[a,b]$ دا تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە نىسبەتەن ئىنتېگراللانغۇچى فۇنكسىيە بولسا، ئۇ ھالدا $f(x)$ فۇنكسىيە ئارىلىق $[a,b]$ دا چېگرالانغان فۇنكسىيە بولىدۇ.

[2 - لېمما] فۇنكسىيە $f(x)$ ئارىلىق $[a,b]$ دا چېگرالانغان فۇنكسىيە بولسۇن. ئارىلىق $[a, b]$ نى بىر قانچە تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ھەممە $C_n$ ۋە $S_n$ لار ئارقىلىق بۇ خىل بۆلۈشلەردىكى كىچىك يىغىندى ۋە چوڭ يىغىندىلار؛

$$C_n = \sum_{k=1}^{n} m_k \triangle x_k = \frac{b-a}{n}\sum_{k=1}^{n} m_k$$

$(m_k = \inf f(x),\quad x\in\triangle x_k$ بۇنىڭدا$)$

$$S_n = \sum_{k=1}^{n} M_k \triangle x_k = \frac{b-a}{n}\sum_{k=1}^{n} m_k$$

$(M_k = \sup f(x),\quad x\in\triangle x_k$ بۇنىڭدا$)$

نى ئىپادىلىسەك، ئۇ ھالدا $f(x)$ نىڭ تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈش ئۇسۇلى بويىچە ئىنتېگراللانغۇچى فۇنكسىيە بولۇشىنىڭ زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرتى $\sup_n S_n = \inf_n S_n$ بولۇشتىن ئىبارەت.

ئەمدى بىز بۇ ئىككى لېممىدىن پايدىلىنىپ 2- تېئورېمىنى ئىسپاتلايمىز.

بىز $C_n$ ۋە $S_n$ لار ئارقىلىق تەڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈشتىكى كىچىك يىغىندى ۋە چوڭ يىغىندىلارنى؛ $S_T$، $C_T$ لار ئارقىلىق ئىختىيارىي بۆلەكلەرگە بۆلۈشتىكى كىچىك يىغىندى ۋە چوڭ يىغىندىلارنى ئىپادىلىسەك، ئۇ ھالدا:

( $T$ بولسا $[a,b]$ نى ئىختىيارىي بۆلۈش ئۇسۇلى $|C_T) \supset (C_n \mid n=1,2,\cdots)$

( $T$ بولسا $[a,b]$ نى ئىختىيارىي بۆلۈش ئۇسۇلى $|S_T) \supset (S_n \mid n=1,2,\cdots)$

بولىدۇ. شۇڭا $\sup_n C_n \leqslant \sup_T C_T$ ، $\inf_T S_T \leqslant \inf_n S_n$ بولىدۇ. 2 ـ لېممىغا ئاساسەن $\sup_n C_n = \inf_n S_n$ بولىدۇ. بۇنىڭدىن $\sup_T C_T = \inf_T S_T$ غا ئېرىشىمىز. شۇڭا فۇنكسىيە $f(x)$ ئارىلىق $[a,b]$ دا ئىختىيارىي بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە نىسبەتەن ئىنتېگراللىنىدىغان فۇنكسىيە بولىدۇ.

(3) ئېنىق ئىنتېگرال سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقنىڭ لىمىتى ئەمەس. ئۇ سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقنىڭ لىمىتىدىن خېلىلا مۇرەككەپ. چۈنكى ئوخشاش بىر $n$ دا تەڭ بۆلەككە بۆلۈشكە نىسبەتەن $\xi_i$ نىڭ ئېلىنىش ئۇسۇلى چەكسىز كۆپ خىل بولىدۇ. يەنە چەكسىز كۆپ خىل ئىنتېگرال يىغىندىسى مەۋجۇت. شۇڭا بىز لىمىتنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ:

فۇنكسىيە $f(x)$ ئارىلىق $[a,b]$ دا ئېنىقلانغان بولسۇن. ئەگەر شۇنداق بىر I سانى مەۋجۇتكى، ئىختىيارىي $\varepsilon>0$ گە نىسبەتەن $N$ مەۋجۇت بولۇپ $n>N$ بولغاندا $\xi_i$ نىڭ بارلىق ئېلىنىش ئۇسۇلىغا نىسبەتەن

$$\left|\sum_{i=1}^{n} f(\xi_i)\,\frac{b-a}{n} - \mathrm{I}\right| < \varepsilon$$

بولسا، ئۇ ھالدا I سانىنى فۇنكسىيە $f(x)$ نىڭ ئارىلىق $[a,b]$ دىكى ئىنتېگرالى دەپ ئاتايمىز ھەمدە $\int_a^b f(x)dx$ بىلەن ئىپادىلەيمىز.

### II ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش مېتودىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا يېتەكلەش


ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسىنىڭ مەقسىتى، ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا بىز ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىمۇ بىرلىكتە تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا بىز ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنى كىرگۈزۈشتە ھەم يىغىندىنىڭ لىمىتى ھەم دىففېرېنسىيالنىڭ تەتۈر ئەمەلى دەپ كىرگۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئېنىق ئىنتېگرالنىڭ روشەن گېئومېتىرىيىلىك مەنىسى بولغانلىقتىن تارىختا ئالدى بىلەن دىففېرېنسىيال چۈشەنچىسى كىرگۈزۈلگەن. لېكىن ئىنتېگرالنىڭ لىمىت جەريانى نىسبەتەن مۇرەككەپ. شۇڭا ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكىدە ئالدى بىلەن دىففېرېنسىيال چۈشەنچىسىنى كىرگۈزۈپ

ئاندىن دىففېرېنسىئاللىنىڭ تەتۈر ئەمەلى بولغان ئىنتېگرال ئەمەلى كىرگۈزۈلگەن. شۇڭلاشقا بىز ئېنىق ئىنتېگرال ئېنىقلىمىسىنى سۆزلىگەندە دىففېرېنسىئاللىنىڭ تەتۈر ئەمەلىي كۆز قارىشىنى سىڭدۈرۈشىمىز لازىم.

تۆۋەندە ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنى كىرگۈزۈشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

$y=\frac{5}{x}$ دەپ پەرەز قىلايلى. 1-رەسىمدىكى شەكىلنىڭ ئوچۇق قىسمى بولسا تاپماقچى بولغان مەيدان. يەنى ئەگرى سىزىق $PQ$ ۋە $x=4$، $x=6$ لار ئارىسىدىكى مەيدان.



1 - رەسىم

بىز قوللانغان بەلگىلەردىن پايدىلانساق بۇ مەيدان $\int_4^6 \frac{5}{x}\,dx$ گە تەڭ بولىدۇ.

بىز ئالدى بىلەن $y$ كوردىناتىنى سوزغىلى بولىدىغان رېزىنكە دەپ ئويلايلى. ئەڭ ئاۋۋال $p$ ۋە $x=4$ نۇقتىلىرى ئارىسىدا بولسۇن. ئاندىن بىر ئۇچىنى ئەگرى سىزىقنى بويلاپ $\alpha$ غىچە سوزايلى. يەنە بىر ئۇچىنى $x=4$ تىن $x=6$ غىچە سوزايلى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ بېسىپ ئۆتكەن مەيدان، شەكىلدىكى ئوچۇق قىسىم بولىدۇ. ئۇنى يەنە ئالدىغا ئازراق تارتقاندىن كېيىن $\triangle x$ ئارىلىق بېسىپ ئۆتسۇن. بۇ ۋاقىتتا $\triangle A$ مەيداننى بېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ. $\triangle A$ بولسا شەكىلدىكى قارا رەڭلىك تىك تەرەپلىكتىن ئىبارەت. شۇڭا $\triangle A=y\triangle x$ ياكى $\triangle A/\triangle x=y$ (تەخمىنەن ئۆز ئارا تەڭ) بولىدۇ. ئەگەر $\triangle x$ ئىنتايىن كىچىكلىسە بۇ قەدەردىكى ئىپادىسىنى (دەل ئۆز ئارا تەڭ) $\frac{dA}{dx}=y$ قىلىپ يازغىلى بولىدۇ.

بۇ ئىپادە بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، $x$ ئوقىنىڭ ئۈستىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىدا $x$ نىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ مەيداننىڭ چوڭىيىش تېزلىكىنى شۇ نۇقتىنىڭ $y$ قىممىتى ئارقىلىق ئۆلچەپ چىققىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئىپادە ئەمەلىيەتتە بىر دىففېرېنسىئال تەڭلىمىدىن ئىبارەت. ئۇنى تولۇق يازساق $\frac{dA}{dx}=\frac{5}{x}$ بولىدۇ.

بىزنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىمىزدىن قارىغاندا ئوقۇتۇش مېتودىكىسى، ماتېماتىكىنىڭ ئاساسىي دەرسلىكلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئوقۇتۇش مېتودىكىسىدا قوللىنىلىدىغان تەلەپ يالغۇز بىلىمنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇ بىلىمنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى چۈشىنىش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدە ئېنىق تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسى ماتېماتىكا تارىخىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش

(ئاخىرى 69 - بەتتە)

# ئاتوم فىزىكىسىدىكى گۇرۇپپىلاشقان تۇراقلىق سانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى

ھېۋزۇللا

بىر نەچچە تۇراقلىق سانلارنىڭ كۆپەيتمىسى، بۆلۈنمىسى ياكى ھەم بۆلۈنمىسى ھەم كۆپەيتمىسىدىن تەركىب تاپقان تۇراقلىق سانلار گۇرۇپپىسى — گۇرۇپپىلاشقان تۇراقلىق سان دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئېلېكتر - ماگنىتىزمدىكى $\frac{1}{4\pi\varepsilon_0}$ — بۇنىڭ بىر مىسالى. بەزى ھېسابلاشلاردا گۇرۇپپىلاشقان تۇراقلىق سان قوللىنىلسا، ھېسابلاش كۆپ ئاددىيلىشىدۇ، خېلى جىق ئاۋارىچىلىكتىن خالى بولغىلى بولىدۇ، مەن بۇ ماقالىدا پەقەت ئاتوم فىزىكىسىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان گۇرۇپپىلاشقان تۇراقلىق سانلار ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

1. گۇرۇپپىلاشقان تۇراقلىق سانلار

$$hc = 12400\,\mathring{A}\cdot eV = 12.40\,\mathring{A}\cdot KeV = 1240\,fm\cdot MeV$$

$$\frac{hc}{2\pi} = 1970\,\mathring{A}\cdot eV = 1.970\,\mathring{A}\cdot KeV = 197.0\,fm\cdot MeV$$

$$m_eC^2 = 5.11\times10^5\,eV = 511\,KeV = 0.511\,MeV$$

$$\alpha = \frac{2\pi e^2}{4\pi\varepsilon_0 hc} = 7.29720\times10^{-3} \approx \frac{1}{137}$$

$$hcR_H = 13.60\,ev$$

$$\frac{e^2}{4\pi\varepsilon_0} = 14.4\,\mathring{A}\cdot ev = 1.44\times10^{-2}\,\mathring{A}\cdot Kev = 1.44\,fm\cdot Mev$$

(بۇلاردىكى $h$ — پىلانكنىڭ تۇراقلىقى، $c$ — يورۇقلۇق تېزلىكى، $m_e$ — ئېلېكترونىنىڭ ماسسىسى، $\alpha$ — نازۇك تۈزۈلۈش تۇراقلىقى، $R_H$ — رىدبېرگ تۇراقلىقى، $e$ — ئېلېكترونىنىڭ زەرەت مىقدارى، $\varepsilon_0$ — ۋاكۇمنىڭ دىئېلېكترىك تۇراقلىقى).

بۇلاردىن باشقا بور ماگنىتونى $\mu_B = \frac{eh}{4\pi m_e}$، يادرو ماگنىتونى $\mu_N = \frac{eh}{4\pi m_p}$، بۇ-

www.uyghurkitap.com

لۇڭلۇق ھەرىكەت مىقدار بىرلىكى $\frac{h}{2\pi}$ ۋە ئېلېكترونىڭ كومپتون دول-قۇن ئۇزۇنلۇقى $\lambda_{ec}=\frac{h}{m_e c}$ لارمۇگۇرۇپپىلاشقان تۇراقلىق سانلار قاتارىغا كىرىدۇ. يۇقىرىدىكى گۇرۇپپىلاشقان تۇراقلىق سانلارنىڭ بىرلىكى ev، ev، $\mathring{A}$، Kev، $\mathring{A}$.kev قاتارلىقلار، ئاتوم فىزىكىسىدا قوللىنىشقا قولايلىق، Mev، Mev، fm قا-تارلىقلار يادرو فىزىكىسىدا قوللىنىشقا قولايلىق.

2. گۇرۇپپىلاشقان تۇراقلىق سانلارنىڭ قوللىنىلىشىغا ئائىت مىسال.

1) بورنەزەرىيىسى بويىچە ھىدروگېن ئاتومىدىكى ئېلېكترون ئوربىتىسىنىڭ رادىئۇسى $\gamma_n$ نى ھېسابلاش.

بىرىنچى خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى:

$$\gamma_n=\frac{4\pi\varepsilon_0 h^2 n^2}{(2\pi)^2 me^2}=\frac{4\pi\varepsilon_0}{e^2}\cdot\left(\frac{hc}{2\pi}\right)^2\cdot\frac{1}{mc^2}\cdot n^2$$

$$=\frac{1}{14.4\mathring{A}\cdot ev}\times(1970\mathring{A}\cdot ev)\times\frac{1}{5.11\times10^5 ev}n^2=0.529n^2\mathring{A}$$

ئىككىنچى خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى

$$\gamma_n=\frac{4\pi\varepsilon_0 h^2 n^2}{(2\pi)^2 me^2}=\frac{4\pi\varepsilon_0 hc}{(2\pi)e^2}\cdot\frac{hc}{2\pi}\cdot\frac{1}{mc^2}\cdot n^2=\frac{1}{\alpha}\cdot\frac{hc}{2\pi}\cdot\frac{1}{mc^2}\cdot n^2=0.529n^2\mathring{A}$$

ئۈچىنچى خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى:

$$\gamma_n=\frac{4\pi\varepsilon_0 n^2 h^2}{4\pi^2 me^2}=\frac{4\pi\varepsilon_0 hc}{2\pi e^2}\cdot\frac{hc}{2\pi}\cdot\frac{1}{mc^2}\cdot n^2=\frac{1}{\alpha}\frac{hc}{2\pi}\cdot\frac{1}{mc^2}\cdot n^2=0.529n^2\mathring{A}$$

2) ھىدروگېن ئاتومىنىڭ ئېنېرگىيىسى $E_n$ نى ھېسابلاش:

بىرىنچى خىل ھېسابلاش:

$$E_n=-\frac{me^4(2\pi)^2}{2(4\pi\varepsilon_0)^2 n^2 h^2}=-\frac{1}{2}\times\left(\frac{e^2}{4\pi\varepsilon_0}\right)\times mc^2\times\frac{(2\pi)^2}{(hc)^2}\times\frac{1}{n^2}=-13.60\frac{1}{n^2}ev$$

ئىككىنچى خىل ھېسابلاش:

$$E_n=-\frac{(2\pi)^2 me^4}{2(4\pi\varepsilon_0)^2 n^2 h^2}=-\frac{1}{2}\times\left(\frac{2\pi e^2}{4\pi\varepsilon_0 hc}\right)^2\times mc^2\times\frac{1}{n^2}$$

$$=-\frac{1}{2}\alpha^2\cdot mc^2\frac{1}{n^2}=-\frac{13.60}{n^2}ev$$

ئۈچىنچى خىل ھېسابلاش:

$$E_n = -\frac{R_H hc}{n^2} = -\frac{13.60}{n^2} ev$$

3) ھىدروگېن ئاتومىدىكى ئېلېكترونىنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ۋە تېزلىكى

بىزگە مەلۇمكى، ھىدروگېن ئاتومىدىكى ئېلېكترونىنىڭ ئېنېرگىيىسى

$$E_n = -\frac{1}{2} m\left(\frac{\alpha c}{n}\right)^2$$

ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى:

$$\frac{1}{2} m v_n^2 = T = -E_n = \frac{1}{2} m\left(\frac{\alpha c}{n}\right)^2 = \frac{13.60}{n^2} ev$$

يۇقىرىقى ئىپادىدىن مەلۇمكى

$$v = \frac{\alpha c}{n} = \frac{2.19 \times 10^6 m/s}{n}$$

4) رىدبېرگ تۇراقلىقىنى ھېسابلاش:

بىرىنچى خىل ھېسابلاش

$$R_\infty = \frac{(2\pi)^3 m e^4}{4\pi(4\pi\varepsilon_0)^2 h^3 c} = \frac{1}{2} \times \left(\frac{2\pi e^2}{4\pi\varepsilon_0 hc}\right)^2 \times \frac{2\pi}{2\pi hc} \times mc^2$$

$$= \frac{1}{2} \times \alpha^2 \times \frac{1}{hc} \cdot mc^2 = 1.097 \times 10^{-3}/Å = 1.097 \times 10^7/m$$

ئىككىنچى خىل ھېسابلاش

$$R_\infty = \frac{(2\pi)^3 m e^4}{4\pi(4\pi\varepsilon_0)2h^3 c} = \left(\frac{e^2}{4\pi\varepsilon_0}\right)^2 \cdot \frac{2\pi}{hc} \cdot \frac{(2\pi)^2}{(hc)^2} \cdot \frac{1}{2} \cdot mc^2$$

$$= 1.097 \times 10^7/m$$

5) ئېلېكترونىنىڭ كومپتون دولقۇن ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاش

$$\lambda_{ec} = \frac{h}{m_e c} = \frac{hc}{m_e c^2} = 0.024Å$$

دېمەك، بىر قىسىم ھېسابلاشلاردا گۇرۇپپىلاشقان تۇراقلىق سانلار قوللىنىلسا، ھېسابلاش كۆپ ئوڭايلىشىدۇ.


پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

«ئاتوم فىزىكىسى» ياڭ فۇجيا (خەنزۇچە) 46 ــ بەت.


1988 ــ يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



Altun

# ماددىلارنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزىلەر

غوپۇرجان خۇدابەردى

تەبىئەت دۇنياسىدا بىز بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ماددىلارنى قاتتىق ماددا، ئېرىتمە ۋە گازدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ ئۈچ تۈردىكى ماددىلارنىڭ ھالىتى ۋە خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا مەن بۇ ماقالىدا قاتتىق ماددىلاردىن ئاساسەن ساپ ھالەتتىكى مېتاللارنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى؛ ئېرىتمىلەردىن ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ۋە گازلارنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلىنى قىسقىچە تونۇشتۇرماقچىمەن.

## I ئىدىئال سۇيۇق ئېرىتمىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى

پارلانمايدىغان ئېرىگۈچىنى مەلۇم بىر پارلىنىدىغان ئېرىتكۈچكە سالغاندا مۇنداق ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ: ① بەلگىلىك بىر تېمپېراتۇرىدا ئېرىتمىنىڭ پار بېسىمى ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ پار بېسىمىدىن تۆۋەن بولىدۇ. ② ئېرىتمىنىڭ قايناش نۇقتىسى ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ قايناش نۇقتىسىدىن يۇقىرى بولىدۇ. ③ ئېرىتمىنىڭ قېتىش نۇقتىسى ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ قېتىش نۇقتىسىدىن تۆۋەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېرىتمە بىلەن ساپ ئېرىتكۈچى ئوتتۇرىسىدا ئوسمۇسلىنىش (سىڭىشىش) بېسىم ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. ئېرىتمىنىڭ قويۇقلۇقى تۆۋەنرەك بولغاندا پار بېسىمىنىڭ تۆۋەنلەش قىممىتى، قايناش نۇقتىسىنىڭ ئۆرلەش قىممىتى، قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلەش قىممىتى ۋە ئېرىتمىنىڭ ئوسمۇس بېسىم قىممىتى پەقەت ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچى زەررىچىلىرى (مالېكۇلىلىرى ياكى ئىئونلىرى) سانى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئېرىگۈچىنىڭ تۈرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۆت خىل خۇسۇسىيەت سۇيۇق ئېرىتمىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆۋەندە سۇيۇق ئېرىتمىلەرنىڭ خاس خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

1. پار بېسىمىنىڭ تۆۋەنلەش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش.

پارلانمىغان ئېرىتكۈچكە ئاز مىقداردا پارلانمايدىغان ئېرىگۈچى قوشقاندا، ئېرىتمىنىڭ پار بېسىمى ساپ ئېرىتكۈچنىڭ پار بېسىمىدىن تۆۋەن بولۇپ، پار بېسىمىنىڭ تۆۋەنلىگەن قىممىتى بىلەن ئېرىگۈچىنىڭ قويۇقلۇقى ئوڭ تاناسىپ، ياكى پار بېسىمىنىڭ تۆۋەنلىگەن قىممىتى ئېرىتكۈچتە ئېرىگەن ئېرىگۈچى مالېكۇلاسىنىڭ سانى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنى رائولت قانۇنى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

رائولت قانۇنىنىڭ مەزمۇنى — بەلگىلىك تېمپېراتۇرا ئاستىدا سۇيۇق ئېرىتمىدىكى ئېرىتكۈچنىڭ پار بېسىمى $P_A$، ساپ ئېرىتكۈچنىڭ پار بېسىمى $P^\circ_A$ بىلەن ئېرىتمىدىكى ئېرىتكۈچنىڭ مول ئۈلۈش سانى $x_A$ نىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدۇ، يەنى:

$$P_A = P^\circ{}_A \cdot x_A \quad \cdots\cdots (1)$$

پار بېسىمىنىڭ تۆۋەنلىگەن قىممىتى $\triangle P$:

$$\triangle P = P^\circ{}_A - P_A = P^\circ{}_A - P^\circ{}_A \cdot x_A = P^\circ{}_A(1-x_A) = P^\circ{}_A \cdot x_B \quad \cdots\cdots (2)$$

بۇنىڭدىكى $x_B = \frac{n_B}{n_A+n_B}$. بولۇپ، سۇيۇق ئېرىتمىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا: $n_A \gg n_B$

شۇنىڭ ئۈچۈن: $x_B = \frac{n_B}{n_A}$. بۇ مۇناسىۋەتنى يۇقىرىدىقى فورمۇلاغا كىرگۈزسەك:

$$\triangle P = P_A{}^\circ \cdot x_B = p_A \cdot \frac{n_B}{n_A} = P^\circ{}_A \cdot \frac{W_B}{M_B} \Big/ \frac{W_A}{M_A}$$

$$M_B = \frac{M_A W_B \cdot P^\circ{}_A}{\triangle P \cdot W_A} \quad \cdots\cdots (3)$$


فورمۇلادىكى $n_A$، $n_B$ لار ئايرىم - ئايرىم ھالدا $A$، B لارنىڭ مول سانىنى؛ $W_B$، $W_A$ لار ئايرىم - ئايرىم ھالدا $A$، B لارنىڭ ماسسىسىنى؛ $M_A$، $M_B$ لار ئايرىم - ئايرىم ھالدا $A$، B لارنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

فورمۇلا (3) دىن پايدىلىنىپ سۇيۇق ئېرىتمىلەردىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ. بۇ فورمۇلادىن ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلىغاندا، ساپ ئېرىتكۈچى بىلەن سۇيۇق ئېرىتمىنىڭ پار بېسىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەجرىبە ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. ئېرىتكۈچنىڭ ماسسىسى بىلەن ئېرىگۈچىنىڭ ماسسىسى مۇۋاپىق تارازىلار ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. يۇقىرىقى مىقدارلارنى بىۋاسىتە ئۆلچەپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن نامەلۇم ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

2. قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلىشىدىن پايدىلىنىپ ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتتىق ئېرىتكۈچى بىلەن ئېرىتمە مۇۋازىنەتلەشكەندىكى تېمپېراتۇرا — ئېرىتمىنىڭ قېتىش نۇقتىسى دەپ ئاتىلىدۇ (بۇ يەردە ئېرىتكۈچى بىلەن ئېرىگۈچى قاتتىق ئېرىتمە ھاسىل قىلمايدۇ ھەمدە قاتتىق ھالەتتىكىسى بولسا ساپ ئېرىتكۈچى دەپ پەرەز قىلىنىدۇ).



(1)

ساپ ئېرىتكۈچىگە ئاز مىقداردا ئېرىگۈچى B نى قوشقاندا، ئېرىتمىنىڭ پار بېسىمى تۆۋەنلىگەنلىكتىن، ئېرىتمىنىڭ قېتىش نۇقتىسىدىمۇ تۆۋەنلەش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. بۇنى قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلەش گرافىكى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. گرافىكتىكى $CD$ سىزىق بولسا سۇيۇق ھالەتتىكى ساپ ئېرىتكۈچى پار بېسىمىنىڭ ئەگرى سىزىقى؛ $EF$ سىزىق بولسا ئېرىتمىنىڭ پار بېسىمى ئەگرى سىزىقى؛ $MN$ سىزىق بولسا قاتتىق ھالەتتىكى ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ پار بېسىمى ئەگرى سىزىقىنى ئىپادىلەيدۇ. I° نۇقتا بولسا ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ قاتتىق — سۇيۇق ئىككى فازىسىنىڭ مۇۋازىنەت نۇقتىسى (مۇزلاش نۇقتىسى) بولۇپ، ئۇنىڭغا ماس بولغان تېمپېراتۇرا $T_f^\circ$؛ I نۇقتا بولسا ئېرىتمىنىڭ قېتىش نۇقتىسى بولۇپ ئۇنىڭغا ماس تېمپېراتۇرا $T_f$ بولغاندا، قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلىگەن قىممىتى $\Delta T = T_f^\circ - T_f$ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئېرىتمىنىڭ قېتىش نۇقتىسىدا، قاتتىق ھالەتتىكى ساپ ئېرىتكۈچى بىلەن ئېرىتمىدىكى ئېرىتكۈچىنىڭ خىمىيەۋى پوتېنسىيالى ئۆز ئارا تەڭ بولىدۇ:

$$\mu_A^s(T,P) = \mu_A^l(T,P,X_A) \quad \cdots\cdots (4)$$

مۇئەييەن بېسىم ئاستىدا، ئەگەر ئېرىتمىنىڭ قويۇقلۇقىدا $dX_A$ چىلىك ئۆزگىرىش بولسا، قېتىش نۇقتىسىدىمۇ ماس ھالدا $dT$ چىلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ. مانا بۇ چاغدىمۇ يەنىلا يېڭىدىن مۇۋازىنەت تىكلىنىدۇ:

$$\mu_A^s + d\mu_A^s = \mu_A^l + d\mu_A^l$$

$$\because \quad \mu_A^s = \mu_A^l$$

$$\therefore \quad d\mu_A^s = d\mu_A^l \quad \cdots\cdots (5)$$

خىمىيەۋى پوتېنسىيال تېمپېراتۇرىنىڭ فۇنكسىيىسى يەنى $\mu_A^s = f(T)$ بولغانلىقتىن، $T$ گە نىسبەتەن دىففېرېنسىياللىساق:

$$d\mu_A^s = \left(\frac{\partial \mu_A^s}{\partial T}\right)_{p.x_A} . dT$$

$\mu_A^l = f(T, x_A)$ دىن $T$ ۋە $x_A$ گە نىسبەتەن دىففېرېنسىئاللىساق:

$$d\mu_A^l = \left(\frac{\partial \mu_A^l}{\partial T}\right)_{p.x_A} . dT + \left(\frac{\partial \mu_A^l}{\partial x_A}\right)_{T.p} dx_A$$

$$\because \quad d\mu_A^s = d\mu_A^l$$

$$\therefore \quad \left(\frac{\partial \mu_A^s}{\partial T}\right)_{p.x_A} dT = \left(\frac{\partial \mu_A^l}{\partial T}\right)_{p.x_A} . dT + \left(\frac{\partial \mu_A^l}{\partial x_A}\right)_{T.p} . dx_A \cdots\cdots (6)$$

$$\because \quad \left(\frac{\partial \mu_A}{\partial T}\right)_{p.x_A} = -\bar{S}_A$$

سۇيۇق ئېرىتمىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئېرىتكۈچىنىڭ خىمىيىۋى پوتېنسىئالى:

$$\mu_A = \mu^\circ (T, P) + RT \ln x_A$$

$$\therefore \quad \left(\frac{\partial \mu_A}{\partial x_A}\right)_{T.p} = RT \frac{d \ln x_A}{d x_A}$$

بۇ مۇناسىۋەتلەرنى فورمۇلا (6) گە كىرگۈزسەك:

$$-\bar{S}_A^s dT = -\bar{S}_A^l dT + RT \frac{d \ln x_A}{d x_A} . dx_A$$

$$\bar{S}_A^s dT - \bar{S}_A^l dT = RT d \ln x_A$$

$$(\bar{S}_A^s - \bar{S}_A^l)\, dT = RT d \ln x_A$$

$$\Delta \bar{S}_A dT = RT d \ln x_A \qquad \cdots\cdots\cdots (7)$$

$\Delta G$ نىڭ ئېنىقلىمىسىغا ئاساسەن، يەنى:

$$\Delta G = \Delta \bar{H} - T \Delta \bar{S} \xrightarrow{\text{ئىزوبارلىق، ئىزوتېرمىك}} 0$$

$$\Delta \bar{H}_A = T \Delta \bar{S}_A$$

$$\Delta \bar{S}_A = \frac{\Delta \bar{H}_A}{T}$$

فورمۇلادىكى $\Delta \bar{H}_A$ بولسا قېتىش نۇقتىسىدىكى بىر مول قاتتىق ھالەتتىكى ساپ ئېرىتكۈچى $A$ نىڭ ئېرىپ ئېرىتمىگە كىرگەندىكى قوبۇل قىلغان ئىسسىقلىقىدۇر. سۇيۇق ئېرىتمىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، $\Delta \bar{H}_A$ تەقرىبى ھالدا ساپ ئېرىتكۈچى $A$ نىڭ مول ئېرىش ئىسسىقلىقى $\Delta \tilde{H}_f$ غا تەڭ بولىدۇ.

$$\therefore \Delta S_A = \frac{\Delta \tilde{H}_f}{T}$$

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنى فورمۇلا (7) گە كىرگۈزسەك:

$$d\ln x_A = \frac{\Delta \widetilde{H}_f}{RT^2}dT$$

بۇنىڭدىن ئېنىق ئىنتېگرال ئالساق:

$$\int_1^{x_A} d\ln x_A = \int_{T_f^\circ}^{T_f} \frac{\Delta \widetilde{H}_f dT}{RT^2}$$

ئەگەر $T_f^\circ$ بىلەن $T_f$ نىڭ پەرقى بەك چوڭ بولمىسا، $\Delta\widetilde{H}_f$ نى تۇراقلىق سان دەپ قاراشقا بولىدۇ، يەنى:

$$\ln x_A = -\frac{\Delta \widetilde{H}_f}{R}\left(\frac{1}{T_f} - \frac{1}{T_f^\circ}\right) = -\frac{\Delta \widetilde{H}_f (T_f^\circ - T_f)}{RT_f T_f^\circ} \quad \text{......................} \quad (8)$$

سۇيۇق ئېرىتمىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا $T_f$ بىلەن $T_f^\circ$ نىڭ پەرقىنى ئىنتايىن كىچىك دەپ قارىغاندا $T_f^{\circ 2} = T_f T_f^\circ$ بولىدۇ. شۇڭا:

$$\ln x_A = -\frac{\Delta \widetilde{H}_f \Delta T_f}{RT_f^{\circ 2}} \quad \text{..................................} \quad (9)$$

بولۇپ، $x_A + x_B = 1$; $x_A = 1 - x_B$ مۇناسىۋەتكە ئاساسەن $\ln(1-x_B)$ نى ماكلاۋرىن قاتارى بويىچە يايساق:

$$\ln(1-x_B) = -\left(x_B + \frac{x_B^2}{2} + \frac{x_B^3}{3} + \frac{x_B^4}{4} \cdots\cdots\right) \approx -x_B$$

بۇنى فورمۇلا (9) غا كىرگۈزسەك:

$$-x_B = -\frac{\Delta \widetilde{H}_f \cdot \Delta T_f}{RT_f^{\circ 2}}$$

$$\Delta T_f = \frac{RT_f^{\circ 2}}{\Delta \widetilde{H}_f} \cdot x_B \quad \text{..................................} \quad (10)$$

بۇ فورمۇلا قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلىگەن قىممىتى $\Delta T_f$ بىلەن ئېرىگۈچى قويۇقلۇقى $x_B$ نىڭ فۇنكسىيىلىك مۇناسىۋەت فورمۇلىسىدۇر.

سۇيۇق ئېرىتمىلەردە $n_A \gg n_B$ بولغانلىقتىن،

$$x_B = \frac{n_B}{n_A + n_B} \approx \frac{n_B}{n_A}$$

بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتنى فورمۇلا (10) غا كىرگۈزسەك:

$$\triangle T = \frac{RT_f^{\circ 2}}{\triangle \tilde{H}_f} \cdot \frac{n_B}{n_A} \quad \cdots\cdots (11)$$

فورمۇلادىكى $n_B$، $n_A$ لار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېرىتمىدىكى ئېرىتكۈچى $A$ ۋە ئېرىگۈچى $B$ لارنىڭ مول سانىدۇر.

تۆۋەندە قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلىگەن قىممىتى $\triangle T_f$ بىلەن ئېرىگۈچى B نىڭ مول ماسسا قويۇقلۇقى $m_B$ نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت فورمۇلاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز.

$$\because \ m_B = \frac{n_B}{W_A} \times 1000$$

$$\therefore \ n_B = \frac{m_B W_A}{1000}$$

$$\because \ n_A = \frac{W_A}{M_A}$$

$$\frac{n_B}{n_A} = \frac{\frac{m_B W_A}{1000}}{\frac{W_A}{M_A}} = \frac{M_A}{1000} \cdot m_B$$

بۇ مۇناسىۋەتنى فورمۇلا (11) گە كىرگۈزسەك:

$$\triangle T_f = \frac{RT_f^{\circ 2}}{\triangle \tilde{H}_f} \cdot \frac{M_A}{1000} \cdot m_B = K_f \cdot m_B \quad \cdots\cdots (12)$$

فورمۇلا (12) سۇيۇق ئېرىتمىلەرنىڭ قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلەش فورمۇلاسىدۇر. فورمىلادىكى $K_f = \frac{RT_f^{\circ 2}}{\triangle H_f} \cdot \frac{M_A}{1000}$ بولسا سۇيۇق ئېرىتمىلەرنىڭ قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلەش قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان تۇراقلىق سانىدۇر.

بۇ فورمۇلادىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى: قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلەش قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان تۇراقلىق سان $K_f$ نىڭ سانلىق قىممىتى پەقەت ئېرىتكۈچىنىڭ تۈرى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئېرىگۈچىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ.

فورمۇلا (12) دىن پايدىلىنىپ ئادەتتە سۇيۇق ئېرىتمىلەردىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ. يەنى:

$$\because \ \frac{n_B}{n_A} = \frac{M_A}{1000} \cdot m_B$$

ۋە يەنە:

$$\frac{n_B}{n_A} = \frac{\frac{W_B}{M_B}}{\frac{W_A}{M_A}} = \frac{M_A W_B}{M_B W_A}$$

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

$$\therefore \frac{M_A}{1000} \cdot m_B = \frac{M_A W_B}{M_B W_A}$$

بۇ ئىپادىدىن $m_B$ نى ئىپادىلىسەك:

$$m_B = \frac{W_B \cdot 1000}{M_B W_A}$$

بۇ مۇناسىۋەتنى فورمۇلا (12) گە كىرگۈزسەك:

$$\Delta T_f = \frac{W_B \cdot 1000}{M_B W_A} \cdot K_f$$

بۇ فورمۇلادىن ئېرىگۈچى B نىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقى $M_B$ نى ئىپادىلىسەك:

$$M_B = \frac{K_f \cdot W_B \cdot 1000}{W_A \cdot \Delta T_f} \quad \ldots\ldots\ldots\ldots (13)$$

فورمۇلادىكى $W_A$ ۋە $W_B$ لار ئايرىم – ئايرىم ھالدا سۇيۇق ئېرىتمىلەردىكى ئېرىتكۈچى $A$ ۋە ئېرىگۈچى B لارنىڭ ماسسىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بىز نامەلۇم ئېرىگۈچى B نىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن $W_B$ ۋە $W_B$ لارنى مۇۋاپىق تارازىلار ئارقىلىق ئۆلچەپ ئالىمىز، ئاندىن تېرمومېتىر ئارقىلىق قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلىگەن قىممىتى $\Delta T_f$ نى ئۆلچەيمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن $K_f$ نىڭ قىممىتىنى فورمۇلا ئارقىلىق ھېسابلاپ چىقىپ ياكى مۇناسىۋەتلىك قوللانمىلاردىن تېپىپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن ئېرىگۈچى B نىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىمىز. يۇقىرىقى فورمۇلادىن شۇنى ئاسانلا كۆرۈۋالالايمىزكى:

① فورمۇلا (13) پەقەت ئىدېئال سۇيۇق ئېرىتمىگىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەگەر ئېرىتمە قانچە سۇيۇق بولسا، نەتىجىنىڭ توغرۇلۇق دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

② ئېرىتكۈچىگە سېلىنىدىغان ئېرىگۈچى پارلىنۇچان ئېرىگۈچى بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، پارلانمايدىغان ئېرىگۈچى بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

③ ئېرىتمىدىن ئاجرىلىپ چىققان قاتتىق ماددىنى چوقۇم ساپ قاتتىق ئېرىتكۈچى دەپ قاراش كېرەك، ئەگەر، ئۇ قاتتىق ئېرىتمە بولۇپ قالسا يۇقىرىقى فورمۇلانى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

④ ئىدېئال سۇيۇق ئېرىتمىدىكى ئېرىتكۈچى راۋۇلت قانۇنىغا بويسۇنىدۇ.

⑤ بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە ئورگانىك خىمىيە ساھەسىدە قوللىنىلىپ نامەلۇم ئورگانىك ماددىلارنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقى ئېنىقلىنىدۇ.

3. قايناش نۇقتىسىنى يۇقىرىلىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش.

سۇيۇقلۇقلارنىڭ قايناش نۇقتىسى دېگىنىمىز — سۇيۇقلۇقلارنىڭ پار بېسىمى بىلەن سىرتقى بېسىم (ئاتموسفېرا بېسىمى) تەڭلەشكەندىكى تېمپېراتۇرىنى كۆرسىتىدۇ. سۇيۇقلۇقلارنىڭ پار بېسىمى $1atm$ غا تەڭ بولغان چاغدىكى تېمپېراتۇرا شۇ خىل

سۇيۇقلۇقنىڭ نورمال قايناش نۇقتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بەلگىلىك بىر تېمپېراتۇرىدا ئېرىتكۈچىگە ئاز مىقداردا پارلانمايدىغان ئېرىگۈچى قوشقاندا ئېرىتمىنىڭ پار بېسىمى ھامان ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ پار بېسىمىدىن تۆۋەن بولىدىغانلىقىدىن، ئېرىتمىنىڭ قايناش نۇقتىسى ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ قايناش نۇقتىسىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى قايناش نۇقتىسىغا يەتكەندە گاز فازا بىلەن سۇيۇق فازا مۇۋازىنەتلىشىدۇ، بۇچاغدا گاز - سۇيۇق ئىككى فازىنىڭ خىمىيىۋى پوتېنسىئالى ئۆز ئارا تەڭ بولىدۇ. يەنى:

$$\mu_{A}^{l}(x_A, T, p) = \mu_{A}^{g}(T, p)$$

ئەگەر مۇئەييەن بېسىم ئاستىدا ئېرىتمە قويۇقلۇقىدا $dx_A$ چىلىك ئۆزگىرىش بولسا، قايناش نۇقتىسىدىمۇ ماس ھالدا $dT$ چىلىك $(T \to T+dT)$ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

ئاخىرقى باسقۇچلارنى قېتىش نۇقتىسىنىڭ تۆۋەنلەش فورمۇلاسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇسۇل بىلەن ئوخشاش بىر تەرەپ قىلغاندا قايناش نۇقتىسىنىڭ ئۆرلەش فورمۇلاسىغا ئىگە بولىمىز. يەنى:

$$\Delta T_b = \frac{R T_b^{\circ 2}}{\Delta H_v} \cdot \frac{M_B}{1000} \cdot m_B = K_b \cdot m_B \quad \cdots\cdots\cdots\cdots (14)$$

فورمۇلادىكى $\Delta T_b = T_b - T_b^{\circ}$ بولسا قايناش نۇقتىسىنىڭ ئۆرلىگەن قىممىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى $T_b^{\circ}$ بولسا ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ قايناش نۇقتىسى، $T_b$ بولسا ئېرىتمىنىڭ قايناش نۇقتىسى، $\Delta H_v$ بولسا ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ پارچىلىنىش ئىسسىقلىقىدۇر. $K_b = \frac{R T_b^{\circ 2}}{\Delta H_v} \cdot \frac{M_A}{1000}$ بولسا قايناش نۇقتىسىنىڭ ئۆرلەش قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان تۇراقلىق سان بولۇپ، ئۇنىڭ سانلىق قىممىتى پەقەت ئېرىتكۈچىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك، لېكىن ئېرىتكۈچىنىڭ تۈرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش فورمۇلاسى:

$$M_B = \frac{K_b \cdot M_B \cdot 1000}{W_A \cdot \Delta T_b} \quad \cdots\cdots\cdots\cdots (15)$$


ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئېرىتكۈچى ۋە ئېرىگۈچى ماسسىسى $W_A$ ۋە $W_B$ لارنى مۇۋاپىق تارازىلار ئارقىلىق ئۆلچەپ ئالىمىز، تېرمومېتىر ئارقىلىق قايناش نۇقتىسىنىڭ ئۆرلىگەن قىممىتى $\Delta Tb$ نى ئۆلچەپ ئېلىپ ئاندىن $k_b$ نىڭ قىممىتىنى فورمۇلا ئارقىلىق ھېسابلايمىز ياكى مۇۋاپىق قوللانمىلاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ سانلىق قىممىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ھېسابلاش ئېلىپ بارىمىز.

بۇ ئۇسۇل پەقەت پارلانمايدىغان ئېرىگۈچىدىن ھاسىل بولغان سۇيۇق ئېرىتمىگىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەگەر ئېرىگۈچى پارلىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا يۇقىرىقى فورمۇلانى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

4. ئوسموس بېسىمىدىن پايدىلىنىپ ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش.

ئوڭ ـ سول ئىككى يېنى بولغان قاچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەقەت ئېرىتكۈچى مالېكۇلالىرى ئۆتەلەيدىغان، لېكىن ئېرىگۈچى مالېكۇلالىرى ئۆتەلمەيدىغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ پەردە ئورنىتىلىدۇ؛ پەردىنىڭ بىر تەرىپىگە ساپ ئېرىتكۈچى قاچىلىنىدۇ، يەنە بىر تەرىپىگە پارلانمايدىغان ئېرىگۈچىدىن ھاسىل بولغان سۇيۇق ئېرىتمە قاچىلىنىدۇ. پەردىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ساپ ئېرىتكۈچى بىلەن سۇيۇق ئېرىتمە ئۇچرىغان بېسىم ۋە تېمپېراتۇرا ئوخشاش بولغاندا ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ خىمىيىۋى پوتېنسىيالى سۇيۇق ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ خىمىيىۋى پوتېنسىيالىدىن يۇقىرى بولغانلىقتىن ئېرىتكۈچى مالېكۇلالىرى خىمىيىۋى پوتېنسىيالى يۇقىرى بولغان ساپ ئېرىتكۈچى قاچىلانغان تەرەپتىن خىمىيىۋى پوتېنسىيالى تۆۋەن بولغان سۇيۇق ئېرىتمە قاچىلانغان تەرەپكە ئۆزلۈكىدىن سىڭىشىپ كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېرىتمە ھەجمى ئارتىدۇ. ئېرىتكۈچى مالېكۇلالىرىنىڭ ساپ ئېرىتكۈچى تەرەپتىن سۇيۇق ئېرىتمە تەرەپكە سىلجىش جەريانى سىڭىشىش ھادىسىسى دەپ ئاتىلىدۇ.



(2)

ساپ ئېرىتكۈچى مالېكۇلالىرىنىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك پەردىدىن ئۆتۈشىنى توسۇش ئۈچۈن ئېرىتمە ئۈستىگە قوشۇشقا تېگىشلىك ئارتۇق بېسىم — ئوسموس بېسىمى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوسموس ھادىسىسى يۈز بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئېرىتمىنىڭ بېسىمىنى تاكى ئىككى تەرەپنىڭ خىمىيىۋى پوتېنسىيالى تەڭ بولغىچە ئاشۇرۇش زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا مۇۋازىنەتكە يېتىپ قايتا ئوسموس ھادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ. ئەگەر مۇۋازىنەتكە يەتكەندىكى ساپ ئېرىتكۈچىنىڭ بېسىمىنى $P_1$، سۇيۇق ئېرىتمىنىڭ بېسىمىنى $P_2$ بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇنداقتا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بېسىم پەرقى ياكى ئوسموس بېسىمى $\pi$ نى مۇنداق يېزىشقا بولىدۇ:

$$\pi = P_2 - P_1 \quad \cdots\cdots (16)$$

ئىككى تەرەپنىڭ خىمىيىۋى پوتېنسىيالى ئۆز ئارا تەڭ بولغانلىقتىن:

$$\mu_A^{\circ}(T,P_1) = \mu_A(T,P_2,x_A) = \mu_A^{\circ}(T,P_2) + RT\ln x_A$$

$$\ln x_A = \frac{1}{RT}\left[\mu_A^{0}(T,P_1) - \mu_A^{0}(T,P_2)\right]$$

تېمپېراتۇرا تۇراقلىق بولۇش شەرتى ئاستىدا ھەر ئىككى تەرەپتىن $P_2$ گە نىسبەتەن دىففېرېنسىيال ئالساق:

$$\frac{d\ln x_A}{dP_2} = 0 - \frac{d\mu_A^{\circ}(T,P_2)}{RT \cdot dp_2} = -\frac{1}{RT} \cdot \frac{d\mu_A^{0}(T,P_2)}{dP_2}$$

چۈنكى ئىزوتېرمىك شارائىتتا:

$$\left(\frac{\partial \mu_A}{\partial P}\right)_T = \bar{V}_A$$

$$\therefore \quad \frac{d\ln xA}{dp_2} = -\frac{V_A}{RT} \quad \cdots\cdots\cdots\cdots (18a)$$

بۇ فورمۇلادىكى $\bar{V}_A$ ئېرىتمىدىكى ئېرىتكۈچىنىڭ خۇسۇسىي مولېيارلىق ھەجمى. بېسىمنىڭ ھەجىمگە بولغان تەسىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يۇقىرىقى ئىپادىدىن ئېنىق ئىنتېگرال ئالساق:

$$\int_1^{x_A} d\ln xA = \int_{P_1}^{P_2} -\frac{V_A}{RT}\, dP_2$$

$$\ln x_A = -\frac{\bar{V}_A}{RT}(P_2 - P_1) = -\frac{V_A}{RT} \cdot \pi \quad \cdots\cdots\cdots (18b)$$

$$\because x_A = 1 - x_B \, ;$$

$$\therefore \ln x_A = \ln(1 - x_B)$$

$lu(1-x_B)$ نى مىكلاۋرىن قاتارى بويىچە يايغاندا

$$\ln(1-x_B) = -\left(x_B + \frac{x_B^2}{2} + \frac{x_B^3}{3} + \frac{x_B^4}{4} + \cdots\cdots\right) \approx -x_B$$

بۇ مۇناسىۋەتنى فورمۇلا $(18b)$ گە كىرگۈزسەك:

$$-x_B = -\frac{\bar{V}_A}{RT} \cdot \pi$$

$$\pi = \frac{RT}{\bar{V}_A} \cdot x_B \quad \cdots\cdots\cdots\cdots\cdots\cdots (19)$$

سۇيۇق ئېرىتمىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا: $\tilde{V}_A = \bar{V}_A$ ؛ $\tilde{V}_A$ بولسا ئېرىتمىدىكى ئېرىتكۈچىنىڭ مول ھەجمى بولۇپ، $\tilde{V}_A = \frac{V_A}{n_A} \approx \frac{V}{n_A}$ غا تەڭ

سۇيۇق ئېرىتمىدە $n_A \gg n_B$ بولغانلىقتىن

$$x_B = \frac{n_B}{n_A + n_B} \approx \frac{n_B}{n_A}$$

بۇ مۇناسىۋەتلەرنى فورمۇلا (19) غا كىرگۈزسەك:



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

$$\pi = \frac{RT}{\frac{V}{n_A}} \cdot \frac{n_B}{n_A} = \frac{RT}{V} \cdot n_B = RTC_B \quad \cdots\cdots\cdots\cdots (20)$$

فورمۇلادىكى $C_B$ بولسا ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچى B نىڭ ھەجىملىك مول قويۇقلۇقىدۇر.

بۇ فورمۇلا يەنى: $\pi = RTC_B$ بولسا سۇيۇق ئېرىتمىنىڭ ئوسموس بېسىم فورمۇلىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى: مۇئەييەن تېمپېراتۇرا ئاستىدا ئېرىتمىنىڭ ئوسموس بېسىمى، ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ ھەجىملىك مول قويۇقلۇقىغا ئوڭ تاناسىپ. فورمۇلا (20) دىن پايدىلىنىپ ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ھېسابلاش فورمۇلىسىنى تۆۋەندىكىدەك كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ:

$$\pi = \frac{n_B}{V} RT = \frac{W_B}{V \cdot M_B} \cdot RT$$

$$M_B = \frac{W_B}{\pi V} \cdot RT \quad \cdots\cdots\cdots\cdots\cdots\cdots\cdots\cdots (21$$

فورمۇلا (21) دىن پايدىلىنىپ سۇيۇق ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاشتىن ئىلگىرى، تەجرىبە ئارقىلىق ئوسموس بېسىم $\pi$، ئېرىگۈچىنىڭ ماسسىسى $W_B$، ئېرىتمە ھەجىمى $V$ ۋە تېمپېراتۇرا $T$ لارنى ئۆلچەپ چىقىش كېرەك. بۇ قىممەتلەرنىڭ سانلىق قىممەتلىرىنى ئۆلچەپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن نامەلۇم ئېرىگۈچىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى: بۇ فورمۇلا پەقەت ئىدىيال سۇيۇق ئېرىتمىگىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئېرىتمە قانچە سۇيۇق بولسا نەتىجە شۇنچە توغرا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئادەتتە ئورگانىك خىمىيە ساھەسىدە يۇقىرى مالېكۇلالىق ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاشتا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىدۇ.

## II ئۆز ئارا ئېرىمەيدىغان جۈپ تەركىبلىك سىستېمىنى دېستىرلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ سۇدا ئېرىمەيدىغان ئورگانىك ماددىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش

ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆز ئارا ئېرىمەيدىغان جۈپ تەركىبلىك سىستېما مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن ئىككى خىل سۇيۇقلۇقنىڭ بىر - بىرىدىكى ئېرىش دەرىجىسى ئىنتايىن كىچىك بولسا، ئۇلارنى تەقرىبىي ھالدا «ئۆز ئارا ئېرىمەيدىغان سىستېما» دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن: سۇ بىلەن ماي ..................

ئۆز ئارا ئېرىمەيدىغان سىستېما تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

① ئۇلار ئارىلاشما بولۇپ ئېرىتمە ئەمەس. ② بەلگىلىك بىر تېمپېراتۇرىدا ھەر بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ پار بېسىمى ئۇلارنىڭ ساپ ھالەتتىكى تويۇنغان پار بېسىمىغا تەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى يەنە بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ مەۋجۇت بولۇش-بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ئارىلاشما سىستېمىنىڭ ئومۇمىي پار بېسىمى ئۆز ئارا ئېرىمەيدىغان ئىككى خىل سۇيۇقلۇقنىڭ شۇ تېمپېراتۇرىدىكى ساپ ھالەتتىكى پار بېسىم-

لىرىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولىدۇ. $P=P_A^\circ+P_B^\circ$. ③ ئۇمۇمىي پار بېسىمى سىرتقى ئاتموسفېرا بېسىمىغا تەڭ بولغاندا، ئارىلاشما قايناپدۇ. ئارىلاشمىنىڭ قايناش نۇقتىسى ئىككى ساپ تەركىبنىڭ قايناش نۇقتىلىرىدىن تۆۋەن بولىدۇ. چۈنكى شۇ ئارىلاشمىنىڭ ئۇمۇمىي پار بېسىمى ئۇلارنىڭ ساپ ھالەتتىكى توپۇنغان پار بېسىم-لىرىدىن چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن: تەجرىبىلەر $1atm$ دا بروملۇق بېنزول ($C_6H_5Br$) نىڭ قايناش نۇقتىسىنىڭ 156℃، سۇنىڭ قايناش نۇقتىسىنىڭ 100℃ ئىكەنلىكى، لېكىن بۇ ئىككى سۇيۇقلۇقنى ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرغاندا، ئارىلاشمىنىڭ قايناش نۇقتىسىنىڭ 95℃ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. بروملۇق بېنزولدىن سۇ پارىنى ئۆتكۈزۈپ 95℃ قىچە قىزدۇرغاندا سىستېما قايناشقا باشلاپ، بروملۇق بېنزول بىلەن سۇ دىستىللىنىپ چىقىدۇ، بۇ ئىككى سۇيۇقلۇق ئۆز ئارا ئېرىمىگەنلىكتىن ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ناھايىتى ئاسانلا ئايرىپ ئېلىشقىلى بولىدۇ.

دىستىللىنىپ چىققان ئارىلاشمىدىكى A، B ئىككى تەركىبنىڭ ماسسىلىرىنىڭ نىسبىتىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ:

$$P_A^\circ = Py_A = P\cdot\frac{n_A}{n_A+n_B}$$

$$P_B^\circ = Py_B = P\cdot\frac{n_B}{n_A+n_B}$$

فورمۇلادىكى $P$ ئارىلاشما سىستېمىنىڭ ئۇمۇمىي پار بېسىمىنى؛ $y_A$، $y_B$ لار ئايرىم-ئايرىم ھالدا گاز فازىدىكى تەركىب $A$، $B$ لارنىڭ مول ئۈلۈش سانىنى؛ $n_A$، $n_B$ لار ئايرىم-ئايرىم ھالدا گاز فازىدىكى تەركىب $A$، $B$ لارنىڭ مول سانىنى؛ $P_A^\circ$، $P_B^\circ$ لار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ساپ تەركىب $A$، $B$ لارنىڭ توپۇنغان پار بېسىملىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككى ئىپادىنى ئۆز ئارا بۆلسەك:

$$\frac{P_A^\circ}{P_B^\circ}=\frac{n_A}{n_B}=\frac{W_A/M_A}{W_B/M_B}=\frac{W_A}{W_B}\times\frac{M_B}{M_A}$$

بۇنىڭدىن

$$M_B=M_A\frac{P_A^\circ W_B}{P_B^\circ W_A}$$

بولىدۇ. ئەگەر تەركىب $A$ سۇ بولغاندا

$$M_B=18\times\frac{P_{H_2O}^\circ\cdot W_B}{P_B^\circ\cdot W_{H_2O}}$$

مانا بۇ فورمۇلادىن پايدىلىنىپ ئۆز ئارا ئېرىمەيدىغان ئورگانىك ماددىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ.

سۇ پارىدا دىستىللەش تاماملانغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن سۇ قەۋىتىنى ۋە يەنە بىر قەۋەتنىڭ ماسسىسى $W_{H_2O}$ ۋە $W_B$ نى ئۆلچەپ چىقىمىز ھەمدە مۇۋاپىق قوللانمىلاردىكى جەدۋەللەردىن پايدىلىنىپ ئارىلاشمىنىڭ قاينىش تېمپېراتۇرىسىدىكى ساپ سۇنىڭ پار بېسىمى $P^{\circ}_{H_2O}$ نى تېپىپ چىقىپ $P^{\circ}_{B} = P_{\text{سىرت}} - P^{\circ}_{H_2O}$ مۇناسىۋەت فورمۇلاسىدىن پايدىلىنىپ $P^{\circ}_{B}$ نى ھېسابلاپ چىقىمىز. ئاندىن كېيىن بۇ سانلىق قىممەتلەرنى يۇقىرىدىكى فورمۇلاغا كىرگۈزۈپ، نامەلۇم ئورگانىك ماددىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ چىقىمىز.

## مېتاللارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش

1. فارادېي قانۇنىدىن پايدىلىنىپ مېتاللارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش.

فارادېي كۆپلىگەن تەجرىبە پاكىتلىرى ئارقىلىق ئېلېكترولىز قانۇنىنى يەكۈنلەپ چىققان، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) «ئېرىتمىلەردىن توك ئۆتكەندە، ئىككى قۇتۇپتا ئاجرىلىپ چىققان ماددىنىڭ ماسسىسى بىلەن ئۆتكەن زەرەت مىقدارى ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ» بۇ فارادېينىڭ 1 - قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى ماتېماتىكىلىق فورمۇلا ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

$$W = KQ \quad \cdots\cdots (22)$$

بۇ فورمۇلادىكى $Q$ زەرەت مىقدارى بولۇپ، كۇلون ($C$) نى بىرلىك قىلىدۇ، $K$ بولسا تاناسىپ تۇراقلىقى بولۇپ، ئېلېكترولىزلىنىدىغان ماددىنىڭ ئالاھىدە سانلىق قىممىتى، يەنى ماددىنىڭ ئېلېكتر خىمىيىلىك ئېكۋىۋالېنتىدۇر. زەرەت مىقدارىنىڭ ئېنىقلىمىسىغا ئاساسەن:

$$Q = i \cdot t \quad \cdots\cdots (23)$$

بۇ فورمۇلانى (22) گە كىرگۈزسەك:

$$W = K \cdot i \cdot t \quad \cdots\cdots (24)$$

مانا بۇلار فارادېي 1 - قانۇنىنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىپادىلىنىشىدۇر.

(2) «ئوخشاش بولمىغان ئېلېكترولىت ئېرىتمىسىدىن ئوخشاش زەرەت مىقدارى ئۆتكەندە، ھەر قايسى قۇتۇپتا ئاجرىلىپ چىققان ماددىلارنىڭ ماسسىسى بىلەن ئۇلارنىڭ خىمىيىلىك ئېكۋىۋالېنتى ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ». بۇ قانۇن فارادېينىڭ 2 - قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ. فارادېينىڭ 2 - قانۇنى ئېلېكترولىزلانغاندا ھاسىل بولغان ماددىنىڭ ماسسىسى بىلەن ماددىنىڭ تۈرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ئوخشاش بولمىغان ماددىلارنىڭ خىمىيىۋى ئېكۋىۋالېنتى ئوخشاش بولمايدۇ. فارادېي 2 - قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئوخشاش بولمىغان ئېلېكترولىت ئېرىتمىسىدىن ئوخشاش زەرەت مىقدارى ئۆتكەندە، ئېلېكترولىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ گرام ئېكۋىۋالېنت سانى ئۆز ئارا تەڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. تەجرىبىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بىر گرام ئېكۋىۋالېنت ماددىنى ئېلىش ئۈچۈن سەرپ بولىدىغان زەرەت مىقدارى $96487C$ بولۇپ، بۇ بىر فاراد دېيىلىدۇ. يەنى:

$$1F = 96487C = 26.8A \cdot h$$

فارادېينىڭ 1 - ۋە 2 - قانۇنىنى بىرلەشتۈرگەندە:

$$W = \frac{E}{F}Q = \frac{M}{nF}Q \quad \cdots\cdots (25a)$$

$$W = \frac{E}{F} \cdot i \cdot t = \frac{M}{nF} \cdot i \cdot t \quad \cdots\cdots (25b)$$

فورمۇلادىكى $E$ بولسا ئېلېكترولىزلىنىشتىن ھاسىل بولغان مېتاللىنىڭ گرام ئېكۋىۋالېنتىنى، $M$ بولسا ئېلېكترولىزلىنىشتىن ھاسىل بولغان مېتاللىنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، $n$ بولسا ئېلېكترولىز رېئاكسىيەسىدە يۆتكەلگەن ئېلېكترون سانىنى ئىپادىلەيدۇ. يۇقىرىقى فورمۇلادىن:

$$W = \frac{nFW}{Q} \qquad (26a)$$

$$M = \frac{nFW}{i \cdot t} \qquad (26b)$$

بۇ فورمۇلادىن پايدىلىنىپ ئېلېكترولىت ئېرىتمىسىنى ئېلېكترولىزلاشتىن ھاسىل بولغان مېتاللىنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ. يەنى ئالدى بىلەن ئېلېكترولىزلىنىشتىن ھاسىل بولغان مېتاللىنىڭ ماسسىسى $W$ نى مۇۋاپىق تارازىلار ئارقىلىق ئۆلچەيمىز، يۆتكەلگەن ئېلېكترون سانى $n$ نى ئېلېكترولىز رېئاكسىيەسىدىن بىلىشكە بولىدۇ، ئاندىن زەرەت مىقدارىنى توك كۈچى $i$ ۋە توك ئۆتكەن ۋاقىت $t$ نى ھېسابلاپ ئالغاندىن كېيىن، بۇ سانلىق قىممەتلەرنى يۇقىرىقى فورمۇلاغا قويۇش ئارقىلىق ئېلېكترولىزلىنىشتىن ھاسىل بولغان مېتاللىنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ. فارادىي قانۇنىدىن پايدىلىنىپ كۆپلىگەن مېتاللارنىڭ ئېلېكترولىت ئېرىتمىسىدىن توك ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئېلېكترولىزلاپ، ھاسىل بولغان ساپ مېتاللىنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

ئېلېكتروخىمىيە ساھەسىدە مېتاللارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ بېكىتىشتە كۆپىنچە مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

فارادىي قانۇنىدىن پايدىلىنىپ مېتاللارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاشتا، ئېلېكترولىز جەريانىدا توك ئېقىمى ئۈنۈمىنىڭ 100% بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا بۇ قانۇندىن پايدىلىنىپ مېتاللارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاشقا بولمايدۇ.

2. سېلىشتۇرما ئىسسىقلىقتىن پايدىلىنىپ مېتاللارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى.

فرانسىيە ئالىمى دۇلۇڭ بىلەن پۇدى كۆپ ساندىكى ئېلېمېنتلارنىڭ قاتتىق ھالەتتىكى ئاددىي ماددىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئىسسىقلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر تەقرىبىي مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى بايقىغان:

$$\text{ئاتوم ئېغىرلىقى} = \frac{6.3}{\text{سېلىشتۇرما ئىسسىقلىق}}$$

بۇ يەردىكى شۇ مېتاللىنىڭ سېلىشتۇرما ئىسسىقلىقىنى تېپىپ چىقسىلا مېتاللىنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقالايمىز.

www.uyghurkitap.com

بىر پارچە مېتال پارچىسىنىڭ ماسسىسىنى ئۆلچەپ $W_1$ بىلەن خاتىرىلەپ ئېلىپ ئاندىن بىر ئىستاكاننىڭ $\frac{1}{2}$ گىچىلىك سۇ قاچىلاپ، يۇقىرىقى مېتاللنى پاختا يىپ بىلەن چىڭ چىگىپ، مېتال پارچىسى چۆكۈپ كەتمەيدىغان قىلىپ ئېسىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئىستاكاننىڭ ئاستىدىن قىزدۇرۇلۇپ، ئىستاكاندىكى سۇ قاينىتىلىدۇ ھەمدە تېمپېراتۇرىسى تېرمومېتىر ئارقىلىق ئۆلچىنىپ $t_0$ بىلەن ئىپادىلىنىپ خاتىرىلىنىدۇ. مىنزۇركا ئارقىلىق مۇئەييەن مىقداردىكى دىستىرلەنگەن سۇنى ئۆلچەپ ئېلىپ، باشقا بىر ئىستاكانغا قۇيۇپ (سۇنىڭ ماسسىسى $W_2$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئىستاكانغا مېتال پارچىسى چۆكۈپ كەتكۈدەك قىلىپ قاچىلىنىدۇ)، ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆلچىنىپ $t_1$ بىلەن ئىپادىلىنىپ خاتىرىلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قايناق سۇدىكى مېتال پارچىسىنى دىستىرلەنگەن سۇ قاچىلانغان ئىستاكانغا تېزلىكتە يۆتكەپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تېرمومېتىرنىڭ شىكالىسى قايتا ئۆرلىمىگەنگە قەدەر كۆزىتىلىپ، تېمپېراتۇرىسى ئۆلچىنىپ $t_2$ بىلەن ئىپادىلىنىپ خاتىرىلىنىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ سانلىق قىممىتى مەلۇم بولغاندىن كېيىن مېتاللنىڭ سېلىشتۇرما ئىسسىقلىقى مۇنداق ھېسابلىنىدۇ:

$$SW_1(t_0-t_2)=W_2(t_2-t_1)$$

$$S=\frac{W_2(t_2-t_1)}{W_1(t_0-t_2)}$$

مېتاللنىڭ سېلىشتۇرما ئىسسىقلىقى $S$ نى ھېسابلاپ چىققاندىن كېيىن فورمۇلا ئورنىغا قويۇپ مېتاللنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق زىچلىقى چوڭراق، قاتتىقلىق دەرىجىسى يۇقىرىراق، خىمىيىلىك خۇسۇسىيەت جەھەتتىن پاسسىپراق، ئاتوم ئېغىرلىقى چوڭراق بولغان مېتاللارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا:

① ئاتوم ئېغىرلىقى ئېنىقلانغان مېتاللنىڭ ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرىراق بولۇشى، يەنى ساپلىق دەرىجىسى 99 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

② قايناق سۇدىكى مېتال پارچىسىنى سوغۇق سۇ قاچىلانغان ئىستاكانغا يۆتكىگەندە ئىمكان قەدەر تېز يۆتكەش كېرەك. ئاز مىقداردا قايناق سۇ مېتال پارچىسى بىلەن بىرلىكتە سوغۇق سۇغا چۈشۈپ كەتسە خاتالىق پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

③ سوغۇق سۇ قاچىلانغان ئىستاكاندىكى ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ تارقىلىپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

## Ⅳ گازلارنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش

1. دىففۇزىيىلىنىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ گازلارنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش.

بىر خىل گازنىڭ ئۆزلۈكىدىن يەنە بىر خىل گاز بىلەن ئۆز ئارا ئارىلىشىپ، سىڭىشىش ھادىسىسىنى دىففۇزىيىلىنىش دەپ ئاتايمىز. بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغان دىففۇزىيىلىنىش ھادىسىسى گازلارنىڭ يۇقىرى بېسىملىق تەرەپتىن كىچىك تۆشۈكچە ئارقىلىق تۆۋەن بېسىملىق تەرەپكە تارقىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.



AltunOq

ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى گراھام بۇ خىل دىففۇزىيىلىنىش ھادىسىسىنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان.




(3)

كۆپ خىل گازلارنىڭ دىففۇزىيىلىنىش تېزلىكىنى سېلىشتۇرۇپ، زىچلىقى كىچىكرەك بولغان گاز (مولېكۇلا ئېغىرلىقى كىچىكرەك بولغان گاز)نىڭ دىففۇزىيىلىنىش تېزلىكى، زىچلىقى چوڭراق بولغان گازنىڭ دىففۇزىيىلىنىش تېزلىكىدىن چوڭ بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئەگەر تېمپېراتۇرىسى ۋە بېسىمى ئوخشاش بولغان شارائىتتا گازلارنىڭ دىففۇزىيىلىنىش تېزلىكىنى سېلىشتۇرغاندا، دىففۇزىيىلىنىش تېزلىكى بىلەن گازلارنىڭ زىچلىقى ئوتتۇرىسىدا مۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقى بايقالغان: ئوخشاش تېمپېراتۇرا ۋە ئوخشاش بېسىم ئاستىدا، گازلارنىڭ دىففۇزىيىلىنىش تېزلىكى بىلەن گاز زىچلىقىنىڭ كۋادرات يىلتىزى تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. بۇ قانۇن گراھام قانۇنى ياكى گازلارنىڭ دىففۇزىيىلىنىش قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر گازنىڭ دىففۇزىيىلىنىش تېزلىكىنى $v$ بىلەن، زىچلىقىنى $d$ بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇنداقتا بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ماتېماتىكىلىق مۇناسىۋەت فورمۇلىسىنى مۇنداق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

$$v \propto \sqrt{\frac{1}{d}}$$

ئەگەر ئىككى خىل گاز $A$ بىلەن B نىڭ دىففۇزىيىلىنىش تېزلىكىنى سېلىشتۇرساق

$$\frac{v_A}{v_B} = \sqrt{\frac{d_B}{d_A}}$$

گازلارنى ئىدېئال گاز دەپ پەرەز قىلغاندا، ئىدېئال گازلارنىڭ ھالەت تەڭلىمىسى $PV = NRT$ دىن گازلارنىڭ زىچلىقى ئۇنىڭ مولېكۇلا ئېغىرلىقىغا ئوڭ تاناسىپ بولىدىغانلىقىغا، يەنى $d = \frac{MP}{RT}$ غا ئېرىشىمىز. بۇنىڭغا ئاساسەن، يۇقىرىقى سېلىشتۇرما فورمۇلىنى مۇنداق يازالايمىز:

$$\frac{v_A}{v_B} = \sqrt{\frac{d_B}{d_A}} = \sqrt{\frac{M_B}{M_A}}$$

فورمۇلادىكى $M_B$، $M_A$ لار ئايرىم- ئايرىم ھالدا گاز $A$ ۋە گاز B نىڭ مولېكۇلا ئېغىرلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئەگەر ئىككى خىل گازنىڭ دىففۇزىيىلىنىش تېزلىكى ۋە بىر خىل گازنىڭ مولېكۇلا ئېغىرلىقى مەلۇم بولسا، يەنە بىر خىل نامەلۇم گازنىڭ مولېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

2. گاز ھالەت تەڭلىمىسىدىن پايدىلىنىپ گازلارنىڭ مولېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش.

(ئاخىرى 120 ــ بەتتە)

# ئامپېر كۈچىنىڭ مىكرو مېخانىزمى توغرىسىدا

خۇ پىڭ

ماگنىت مەيدانىدىكى ئۆتكۈزگۈچ مۇقەررەركى ئامپېر كۈچى ($d\vec{F}$) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. فورمۇلا:

$$d\vec{F} = I\,d\vec{l} \times \vec{B}$$

نى ۋاستىلىق بىر تەجرىبە شەكلى دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئۇ، توك ئېلېمېنتى $I\,d\vec{l}$ نىڭ سىرتقى ماگنىت مەيدانىدىكى كۈچ تەسىرىگە ئۇچراش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئارقىلىق ماگنىت ئىندۇكسىيە كۈچىنىشلىكى $\vec{B}$ نى ئېنىقلاشقىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامپېر كۈچى ماگنىت مەيدان خۇسۇسىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. توك ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈزگۈچتىكى توك زەرەتلىك زەررىچىلەرنىڭ يۆنىلىشلىك ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، زەرەتلىك زەررىچىلەرنىڭ ماگنىت مەيدانىدا ئۇچرىغان لورېنتس كۈچى:

$$F = q\vec{v} \times \vec{B}$$

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، توك ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۆتكۈزگۈچتىكى زەررىچىلەرنىڭ ئېقىمىنى ماكروسكوپىك جەھەتتىن بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارىغاندا، ئۇنىڭ لورېنتس كۈچى بىلەن ئىچكى جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقى مۇقەررەر. بۇ خىل ئىچكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىدىغان بولساق، بىر قاتار يېڭى زىددىيەتلەرنىڭ مەيدانغا چىقىپ ئۆزىنى ئاشكارىلايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئامپېر كۈچىنىڭ مىكرو مېخانىزم چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئېلېكترو- ماگنىت مەيدان قانۇنىيەتلىرىنى يېڭىدىن تونۇش ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

## 1. ئامپېر كۈچى ۋە لورېنتس كۈچىنىڭ تەجرىبە ئاساسى

(1) ئامپېر كۈچى

1820- يىلى، ئامپېر ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھىلەپ چىققان بىر قانچە تەجرىبىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئامپېر قانۇنى: $d\vec{F}_{12} = \frac{\mu_0}{4\pi} I_1 I_2\, d\vec{l}_2 \times \frac{d\vec{l}_1 \times \vec{r}_{12}}{r_{12}^2}$ غا ئېرىش-

تى. بۇ يەردە ئەگەر پۈتۈن يېپىق توكلۇق تۈيۈق ئۆتكۈزگۈچ $L_1$ نىڭ توك ئې-
لېمېنتى $I_2 d\vec{l}_2$ گە نىسبەتەن تەسىر كۈچىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلساق

$$\vec{F}_{12}=\frac{\mu_0}{4\pi}\oint_{(L_1)}\frac{I_1 I_2 d\vec{l}_2\times(d\vec{l}_1\times\hat{r}_{12})}{r_{12}^2}$$

$$=\frac{\mu_0}{4\pi}I_2 d\vec{L}_2\times\oint_{(L_1)}\frac{I_1 d\vec{l}_1\times r_{12}}{r_{12}^2}$$

بولىدۇ. $\vec{E}$ نىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىلىشىنى $\vec{B}$ بىلەن سېلىشتۇرساق:

$$\vec{F}_{12}=\frac{\mu_0}{4\pi}I_2 d\vec{l}_2\times\oint_{(L_1)}\frac{I_1 d\vec{l}_1\times\vec{r}_{12}}{r_{12}^2}\Rightarrow\begin{cases}\vec{F}_{12}=I_2 d\vec{l}_2\times\vec{B}\\ \vec{B}=\frac{\mu_0}{4\pi}\oint_{(L_1)}\frac{I_1 dl_1\times\vec{r}_{12}}{r_{12}^2}\end{cases}$$

ئىندىكسلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، $Idl$ ئۇچرىغان كۈچ $\vec{F}_{12}$ نىڭ كۈچ ئېلې-
مېنتىنى $d\vec{F}$ دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا: $d\vec{F}=Id\vec{L}\times\vec{B}$ بولىدۇ.

(2) لورېنتس كۈچى.

لورېنتس كۈچى تەجرىبە تەتقىقاتىنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى، كىشىلەر يالتىراق ئېكرانىدا ئاندۇت قۇتۇپ نۇر لامپىسىدىن تارقىلىپ چىققان ئېلېكترونىنىڭ، ئاندۇت قۇتۇپ نۇر لامپىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ماگنىت مەيدانىدىن ئۆتكەن چاغدىكى ھالىتىنى كۆزىتىپ، ئېلېكترونىنىڭ ئەسلىدىكى تۈز سىزىقلىق ئوربىتىدىن ئېغىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇنىڭ بىلەن ئېلېكترونىنىڭ ماگنىت مەيدانىدىكى ھەرىكىتىنىڭ كۈچ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقى روشەنلەشتى. مانا بۇ كۈچ مەشھۇر لورېنتس كۈچى دەپ ئاتالدى. قايتا - قايتا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بۇ كۈچنىڭ مىقدارلىق مۇناسىۋەت ئىپادىسىنىڭ: $\vec{F}=q\vec{v}\times\vec{B}$ بولىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقتى.

مەيلى ئامپېر كۈچى ياكى لورېنتس كۈچى بولسۇن، ئۇلارنىڭ مىقدارلىق ھېسابلىنىش شەكلىنىڭ ھەممىسى تەجرىبە ئارقىلىق ئېرىشكەن كىلاسسىك نەتىجىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ توغرىلىقىغا گۇمانلىنىشنىڭ ھاجەتسىز.

## § ئامپېر كۈچىنىڭ مىكرو مېخانىزمى ھەققىدە مۇھاكىمە

ئۆتكۈزگۈچنىڭ توك ئۆتكۈزۈش مېخانىزمى مىكرو جەھەتتە، زەرەتلەنگەن زەررىچىلەرنىڭ يۆنىلىشلىك ھەرىكىتى بولغان ئىكەن، بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ سىرتقى ماگنىت مەيدانىدا لورېنتس كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇقەررەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجدادلار ناھايىتى تەبىئىي ھالدىلا توك ئۆتۈۋاتقان ماددىنىڭ سىرتقى ماگنىت مەيدانىدا ئۇچرىغان ئامپېر كۈچى بىلەن لورېنتس كۈچىنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈشكە تىرىشتى. مۇشۇ يول بويىچە، ماگنىت مەيدانىدىكى توك ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈزگۈچنىڭ خۇسۇسىيىتىنى يېڭىباشتىن تەتقىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن فىزىكا تەرەققىياتىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئامپېر كۈچىنىڭ مىكرو مېخانىزمى توغرىسىدىكى تونۇشمۇ ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى.

(1) ئەڭ ئىپتىدائىي نەزەرىيەنىڭ ئىزاھلىنىشى.

ئامپېر كۈچىنىڭ مىكرو مېخانىزمى تەتقىق قىلىنغان ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلدە، كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارى پەقەت ئادەتتىكى مېتال ئۆتكۈزگۈچ بىلەن چەكلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلانغاندا، مېتال كىرىستاللىرىدا ئاتوم يادروسى پەقەت كىرىستال پەنجىرىلىرىنىڭ تۈگۈن نۇقتىسىدا ئىسسىقلىق تەۋرىنىش ھەرىكىتى قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاتومدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يادرو سىرتىدا ئەركىن ئېلېكترونغا ئايلىنىدۇ. «ئېلېكترون بۇلۇتى» نىڭ شەكلى پۈتۈن مېتاللاردا ئورتاقلىققا ئىگە. يېپىق توك يولى سىرتقى ئېلېكتر مەيدانىدا كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئېلېكترونلار يۆنىلىشلىك ھەرىكەت قىلىدۇ — دە، شۇنىڭ بىلەن مېتال ئۆتكۈزگۈچلەردە توك ئېقىمى شەكىللىنىدۇ. لورېنتس كۈچى بىلەن باغلاپ: ئامپېر كۈچى بولسا، ئۆتكۈزگۈچلەردىكى يۆنىلىشلىك ھەرىكەت قىلىدىغان ئېلېكترونلار لورېنتس كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن كىرىستال پەنجىرىسى بىلەن سوقۇلۇپ، ھەرىكەت مىقدارىنى كىرىستال پەنجىرىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىنكى ماكروسكوپىك ھادىسە دېگەن تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە بۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ھەر بىر ئېلېكترون ئۇچرىغان لورېنتس كۈچى: $\vec{f} = -e\vec{v} \times \vec{B}$

$dl$ بۆلەك مېتال ئۆتكۈزگۈچ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەركىن ئېلېكترونلار سانى $N = nSdl$ بولۇپ، $dl$ بۆلەكتىكى ئەركىن ئېلېكترونلار ئۇچرىغان لورېنتس كۈچى:

$$d\vec{F} = N(-e\vec{v} \times \vec{B}) = ndsdl\,(-e\vec{v} \times \vec{B}) = dsdl(-ne\vec{v} \times \vec{B}) = dsdl\,\vec{j} \times \vec{B}$$

بولىدۇ. ئەركىن ئېلېكترونلار كىرىستال پەنجىرىلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئارقىلىق ھەرىكەت مىقدارىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ماكروسكوپىك جەھەتتە $dl$ بۆلەك ئۆتكۈزگۈچ ئۇچرىغان كۈچ: $d\vec{F}=dsdl\vec{j}\times\vec{B}$ بولىدۇ. سىزىقلىق ئۆتكۈزگۈچ بولغان ئەھۋال ئاستىدا $\vec{j}dv$ بىلەن $Idl$ تەڭ قىممەتلىك بولۇپ، پەقەت $I=\vec{j}\cdot d\vec{s}$ گە دىققەت قىلساقلا كۇپايە، شۇنىڭ ئۈچۈن $d\vec{F}=Id\vec{l}\times\vec{B}$ بولىدۇ. مانا بۇ خۇلاسە تەجرىبىدە ئېرىشكەن ئامپىر قانۇنىنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىپادىسى بىلەن تامامەن ماس كېلىدۇ.

يۇقىرىدا «مېخانىزم» نىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە ئۇنى دەدۇكسىيە قىلىشنى ئانالىز قىلىپ، شەكىل جەھەتتىن ئامپىر كۈچىنىڭ مېخانىزمى توغرىسىدىكى ئىزاھات تاماملىنىپ بولغاندەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇ يۈزەكى قىياس قىلىش خاراكتېرىدىكى چۈشەندۈرۈش بولغانلىقتىن زىددىيەتتىن خالىي بولۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقىۋالالايمىز. بۇ خىل زىددىيەت، بولۇپمۇ «ھەرىكەتتىكى ئېلېكترون لورېنتس كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، كىرىستال پەنجىرىلىرىگە سوقۇلۇپ ماكروسكوپىك جەھەتتە ئامپىر كۈچىنى ئىپادىلەيدىغان» لىقىدا گەۋدىلىك بولۇپ ئاشكارىلىنىدۇ. يۆنىلىشلىك ھەرىكەتتىكى ئېلېكترونلار لورېنتس كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، يېڭىدىن ھەرىكەت يۆنىلىشى ئېلىپ مېتال ئۆتكۈزگۈچلەرنىڭ چېگرا يۈزىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، ئېلېكترونلارنىڭ دەسلەپكى ھەرىكەت يۆنىلىشى پۈتۈنلەي بىردەك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئانالىز يۈرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.
ئۇنداقتا، كىرىستال پەنجىرىسى بىلەن سوقۇلىدىغان ئېلېكترونلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان پەيتتىكى ئورۇنلۇش يۆنىلىشى ئوخشاش بولمىسا، ئەگەر ئاخىرىدا يەنە ماكروسكوپىك كۈچنىڭ شۇ پەيتتىكى ئىپادىسى قانداق قىلىپ $Id\vec{l}\times\vec{B}$ بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؟ مانا بۇ كۆز ئالدىمىزدىكى بىرىنچى زىددىيەت. خول ئېففېكتى ئارقىلىق لورېنتس كۈچى نەزەرىيىسى ئىزاھلانغاندىن كېيىن كىشىلەر بۇ ھادىسىنى دەرھال ئامپىر كۈچىنىڭ مىكرو مېخانىزمىغا كىرگۈزدى.


(2) خول ئېففېكتى مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىنكى قوشۇمچە ئىزاھات

بۇ ئىزاھات يەنىلا ئامپىر كۈچى بولسا ئېلېكترون ئۇچرىغان كۈچنىڭ ماكروسكوپىك ئىپادىسى دېگەننى مەركىزىي نۇقتا قىلغان بولۇپ، بىرىنچى خىل ئىزاھات بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ يەردىكى، ئېلېكترون ئۇچرىغان كۈچ لورېنتس كۈچى بولماستىن، بەلكى لورېنتس ئېلېكتر مەيدانى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى يۆنىلىشلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئېلېكترونلارنىڭ ئەكس تەسىر كۈچىدۇر.



AltunOq

مەسىلەن: 1 ـ رەسىمدىكىدەك، توكلۇق ئۆتكۈزگۈچتىكى ھەر بىر يۆنىلىشلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئېلېكترونلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك $\vec{e}_z$ يۆنىلىشتىكى لورېنتس كۈچى: $\vec{F}_L = -e\vec{v}\times\vec{B}$ نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يۆنىلىشى $e_z$ نىڭ ئوڭ يۆنىلىشىنى بويلىغان بولۇپ، ئۇ ئۆتكۈزگۈچنىڭ يۇقىرى يان تەرىپىگە ئېلېكترونىنىڭ يىغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شۇنىڭغا ماس ھالدا ئاپىسسا يۆنىلىشتىكى يېڭى بىر لورېنتس ئېلېكتر مەيدانى ھاسىل بولىدۇ. بۇ نىلىشلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئېلېكترونلار، يەنە لورېنتس ئېلېكتر مەيدانى كۈچى $\vec{F}_t$ نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ:




1 ـ رەسىم

$$\vec{F}_t = -e\vec{E}_t \,,\quad \vec{E}_t = -\vec{u}\times\vec{B}$$

پەقەت $\vec{f}_t = -\vec{f}_L$ بولغان چاغدا، ئۆتكۈزگۈچتىكى يۆنىلىشلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئېلېكترونلاردا يەنە ئېغىش يۈز بەرمەي دەسلەپكى تېزلىكى $\vec{v}$ يۆنىلىش بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاپىسسا يۆنىلىشتىكى لورېنتس ئېلېكتر مەيدان كۈچى نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى قانۇنىغا بويسۇنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن $\vec{F}_t$ نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدىن كېيىن يۆنىلىشلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئېلېكترونلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ئوڭ تەتۈر زەرەتلىك بولۇپ يىغىلىپ، ئۇمۇ نەتىجىدە $+\vec{e}_E$ يۆنىلىشتىكى ئەكس تەسىر كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ كۈچنىڭ سانلىق قىممىتى توپتوغرا لورېنتس كۈچى $\vec{F}_L$ نىڭ ئاپىسسا يۆنىلىشتىكى ئېلېكتر مەيدانىدىن ئۆتكەن ئەكس تەسىر كۈچى بولۇپ، ئۇ ماگنىت مەيدانىنىڭ بەلگىلىك توكلۇق ئۆتكۈزگۈچكە بېرىدىغان ئامپېر كۈچىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ خىل چۈشەندۈرۈش تەبىئەتكى ئالدىنقى خىللىدىكى چۈشەندۈرۈشنىڭ زىددىيەتلىرىدىن ساقلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خول ئېففېكتىنى كىرگۈزۈپ ئۇنى ئاناليز قىلغان ۋە كونكرېتلىق بىلەن ئومۇملۇققا يۈزلىنىشنى ئاساس قىلغان. بىراق بۇ خىل ئىزاھاتتا ئەركىن ھەرىكەت قىلىدىغان ئېلېكترونلارغا نىسبەتەن ئاپىسسا يۆنىلىشتىكى خول ئېلېكتر مەيدانىنىڭ ئەكس تەسىر كۈچىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تولۇقلاپ ئىزاھلىغانىدا، ئوخشاشلا يېڭىدىن زىددىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى نامايەن بولىدۇ. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ: (1) ئاپىسسا يۆنىلىشتىكى ئېلېكتر مەيدا-

بىراق ئەركىن ئېلېكترونلارلا خول ئېلېكتر مەيدانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالماستىن، شۇ ئورۇندىكى كىرىستال پەنجىرىلىرىنىڭ تۈگۈن نۇقتىلىرىدىكى ئوڭ ئىئونلارمۇ ئوخشاشلا خول ئېلېكتر مەيدانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئىككى بۆلەك ئەكس تەسىرلەر دەلمۇدەل ئۆز ئارا يېيىشىپ تۈگەيدۇ. بۇنداقتا ئامپېر كۈچى قايسى سەۋەب بىلەن نەدىن كەلدى؟ (2) توكلۇق ئۆتكۈزگۈچ كۆزەتكۈچكە نىسبەتەن نىسپىي ھەرىكەت قىلغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىزاھات ۋە ئانالىزنى قوللىنىپ ئېرىشكەن ئەركىن ئېلېكترونىنىڭ ئەكس تەسىر كۈچى، ئۆتكۈزگۈچ ئۇچرىغان ئامپېر كۈچىگە تەڭ بولمايدۇ. (3) كىشىلەرنىڭ بىر ۋالېنتلىق مېتال ئۆتكۈزگۈچلەر دائىرىسىدىن ھالقىپ، بىر ۋالېنتلىق بولمىغان بەزى مېتاللار بىلەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى ئۇقتۇرۇپ بەردىكى، يۇقىرىقى ئىزاھات ئارقىلىق كۆزەتكۈچكە نىسبەتەن تىنچ تۇرغان دەپ قاراپ تۇرۇپ ئېرىشكەن نەتىجىلىرى بىلەن تەجرىبە ئەمەلىيىتى پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى بولۇپ چىقتى.

يېڭى زىددىيەت تەرەققىياتتىن كېيىنكى يېڭى كۆز قاراشلار ئارقىلىق ھەل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەردۇر.


(3) ئوڭ زەرەتلەر ئۇچرىغان يىغىندى كۈچ ئارقىلىق ئامپېر كۈچى مىكرو مېخانىزمىنىڭ يېڭىدىن ئىزاھلىنىشى.

— ئېلېكترونلار ئۇچرىغان كۈچنىڭ ماكروسكوپىك ئومۇمىي ئېففېكتى ئارقىلىق ئامپېر كۈچىنى ئىزاھلىغاندا ئۆزلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. بۇ تۈپتىن يوقاتقىلى بولمايدىغان بىر ئاجىزلىق نۇقتىدۇر، مانا بۇ نۇقتا بۇ خىل ئىدىيىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشنىڭ لازىملىقىدىن بېشارەت بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، فىزىك شىنىئاۋ جاۋ، ۋاڭ خۇجۇ قاتارلىق كىشىلەر «ئامپېر كۈچىنى كىرىستال پەنجىرىلەردىكى ئوڭ زەرەتلەر ئۇچرىغان ھەر خىل كۈچلەرنىڭ يىغىندىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە چۈشەنگىلى بولىدۇ» دېگەن يېڭى ئىزاھاتنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خىل ئىزاھلاشنى كۆزەتكۈچكە نىسبەتەن تىنچ تۇرغان، توك ئېقىم يۆنىلىشىگە پاراللېل بولغان، توك ئېقىم يۆنىلىشىگە تىك يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىدىغان توكلۇق ئۆتكۈزگۈچكە قوللىنىپ «كونا» مىكرو نەزەرىيىنىڭ كۆز ئالدىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلدى. ئادەتتىكى مېتال ئۆتكۈزگۈچكە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئامپېر كۈچىنىڭ مىكرو مېخانىزمىنى ئېلېكترونغا تەسىر قىلغان لورېنتس كۈچىنىڭ خول ئېلېكتر مەيدانى ئارقىلىق، ئۆتكۈزگۈچكە نىسبەتەن دائىملىق بولغان كىرىستال پەنجىرىدىكى ئوڭ ئىئونغا تەسىر قىلغان كۈچنىڭ ئومۇمىي ماكروسكوپىك ئېففېكتى دېسە توغرا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ھەمدە ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، ئامپېر كۈچى پەقەت ئېلېكترونىنىڭ ئۆتكۈزگۈچكە نىسبەتەن نىسپىي ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلىدى. لېكىن بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇمچە قىستۇرۇپ قويۇشىمىز لازىمكى، ئېلېكترونلار پەقەت لورېنتس كۈچىنىڭ تەسىرىگىلا ئۇچرىغاندا ئاندىن ئۆتكۈزگۈچنىڭ ھەرىكىتى بىلەن زىچ

مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ خىل «يېڭى» ئۇقۇم يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر ئۇچرىغان ئامـپېر كۈچىنىڭ مىكرو مېخانىزمىنى ھەل قىلىشتا بىردەكلا كىشىلەرنى قانائەتلىنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈردى.

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەيلى توكلۇق ئۆتكۈزگۈچلەر ياكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر بولسۇن، ئۇلار ئۇچرىغان ئامپېر كۈچىنىڭ ھەممىسى $Idl \times B$ بولىدۇ. ھالبۇكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەردىكى توك ئېقىمى $I = I_n + I_p$ بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئەگەر يەنىلا كىرىستال پەنجىرىلىرىدىكى ئوك ئېلېكتر زەرىچىلىرى ئۇچرىغان خول ئېلېكتر مەيدان كۈچى نۇقتىسىدىنلا چىقىپ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلساق، ئۇ ھالدا مەيلى قانداق تىپتىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر بولسۇن، ئوك زەرىچىلەر ئۇچرىغان خول ئېلېكتر مەيدان كۈچىنىڭ ھەممىسى $Id\vec{l} \times \vec{B}$ بولمايدۇ. ئەگەر كىرىستال پەنجىرىلىرىدىكى ئوك زەرىچىلەر ئۇچرىغان خول ئېلېكتر مەيدان كۈچىنى مۇزاكىرە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە توشۇغۇچىلارنىڭ كىرىستال پەنجىرىلىرىدىكى ئوك زەرىچىلەرگە نىسبەتەن ئەكس تەسىر كۈچىنى قوشۇپ مۇزاكىرە قىلساق، ئۇ ھالدا يېڭى مىكرو مېخانىزم ئىزاھاتىنى مۇكەممەل ھالدا يېرىم ئۆتكۈزگۈچكىمۇ قوللىنالايمىز.


$P$ تىپلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەرگە نىسبەتەن، $(K>0)$ بوش پەللىلەر كۆپ سانلىق توشۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى مۇستەقىل مۇزاكىرە قىلغان چاغدا، ئۇلار ئېلېكترونلار بىلەن ئوخشاش ئەمەس، شۇڭلاشقا ئۇلار ھەقىقىي زەررىچە بولماستىن، ئۇ پەقەت بىر دانە ئېلېكتروننىڭ ئورنىدىنلا ئىبارەت. مەسىلىنى ھەل قىلىش ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى ئوك زەرەت بىلەن زەرىچىلەنگەن زەررىچە دەپ قارىۋالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر بوش پەللىنىڭ يۆتكىلىشلىك ھەرىكىتى ماھىيەتتە نۇرغۇنلىغان ۋالېنتلىق ئېلېكترونلار قاتناشقان «كۆچ ئۇلاش» شەكلىدىكى ئەكس يۆتكىلىشلىك ھەرىكەتتۇر. (2- رەسىمدە كۆرسىتىلگىنىدەك).




2- رەسىم. A. بوش پەللە، B. ئېلېكترون، C. بىرلەمچى ئېلېكترون

شۇ يەردە كىشىلەر دائىم خاتا ھالدا ۋالېنتلىق ئېلېكترونلارنىڭ ئەكس يۆتكىلىشلىك ھەرىكىتىنى ئەركىن ئېلېكترونلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ۋالېنت-

لىق ئېلېكترونلار ئاتوم يادروسى بىلەن ئەتراپىدىكى باشقا ئېلېكترونلارنىڭ كۈچلۈك باغلىنىشى تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئادەتتىكى تەڭپۇڭلۇق ھالەتتە، بۇ ئېلېكترونلار ناھايىتى مۇستەھكەم باغلانغان بولۇپ، كرىستاللاردا ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايدۇ، شۇنداقلا ئادەتتىكى سىرتقى ئېلېكتر مەيدانى تەسىر قىلغان چاغدىمۇ يۆنىلىشلىك ھەرىكەت قىلالمايدۇ، توك ئۆتكۈزۈشكىمۇ قاتنىشالمايدۇ، ئۇ توشۇغۇچىلار ئەمەس، ئۇنى ناھايىتى زىچ باغلانغان ئورتاق ۋالېنتلىق باغقا ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ، ئەگەر ئەتراپىدىكى پوتېنسىئال قورغىنىنىڭ ئېلېكترونغا نىسبەتەن تەسىرىنى مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر تېپىلغاندا، ھەر ئېلېكترونلار خۇددى بىر پوتېنسىئال قۇدۇقىنىڭ ئىچىگە باغلىنىپ قالغاندەك ھالەتتە تۇرىدۇ. ئېلېكتروننى تەكشى ئۇنۇملۇك بىر كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى دەپ قاراپ ئۇنى $f_p$ — بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇ ھالدا ئېلېكترونغا نىسبەتەن ئوڭ زەرەتنىڭ ئەكس تەسىر كۈچى $\vec{f}_p$ بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىمىز ئامپېر كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان $\vec{f}_p$ نىڭ ئاپسىسا يۆنىلىشىدىكى تارماقىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت



3 ـ رەسىم

(3 — رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك). بوش پەللىلەر توكى $I_p$ تۇراقلىق بولغاندا، بوش پەللىلەر بىلەن ئەكس يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىدىغان ئېلېكترونلار، توكنىڭ يۆنىلىشىگە تىك بولغان تۆۋەندىكى بىر قانچە كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ: لورېنتس كۈچى $\vec{f}_L = -e\vec{v}\times\vec{B}$ ($v$ بولسا ئېلېكتروننىڭ يۆنىلىشلىك ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى)، خول ئېلېكتر مەيدان كۈچى $\vec{f}_t = -e\vec{E}_t$، بۇنىڭدىن باشقا يەنە كرىستال پەنجىرىسىدىكى ئوڭ ئىئونلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئېلېكترونىنىڭ باغلىنىشى ئەكس تەسىر كۈچى $\vec{f}_{p_t}$ — مۇ بار، توك تۇراقلىق بولغانلىقتىن، ئېلېكترون ئۇچرىغان كۈچمۇ تەڭپۇڭ بولىدۇ، يەنى:

$$\vec{f}_L + \vec{f}_t - \vec{f}_{p_t} = 0 \Rightarrow f_{p_t} = -e\vec{v}\times\vec{B} - e\vec{E}$$

كرىستال پەنجىرىسىدىكى ئوڭ ئىئونلارغا تەسىر قىلغان ئاپسىسا يۆنىلىشتىكى كۈچ:

$$\sum\vec{f} = \vec{f}p_t + (-\vec{f}_t)$$

شۇنىڭ ئۈچۈن $dl$ بۆلەك، $p$ تىپلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ $N_1$ دانە بوش پەللىسى ئۇچرىغان كۈچى:

$d\vec{F}p = N_1\sum\vec{f} = N_1 e\vec{E}_t + N_1\vec{f}pt = N_1 e\vec{v}\times\vec{B} = Ip\,d\vec{l}\times\vec{B}$. مانا بۇ بوش پەللىلەر توكى $Ip$ نىڭ ماكروسكوپىك جەھەتتە، ئامپېر كۈچىگە نىسبەتەن تۆھپىسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىپادىدۇر.

$I_n$ نىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئېلېكترونلارنى توشۇغۇچىلار دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى پۈتۈنلەي ئەركىن ئېلېكترونلار دەپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىقىغا ئوخشاش يول بىلەن، بۇ خىل ئەركىن بولمىغان ھالەتكە سەۋەب بولغان قوشۇمچە كۈچى $\vec{f}_{nt}$ نىمۇ ھېسابقا ئېلىش زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر $dl$ بۆلەك ئۆتكۈزگۈچتىكى $N_2$ دانە ئېلېكترونغا ماس بولغان كىرىستال پەنجىرىلىرىدىكى ئوڭ ئىئونلارنى بىر ئەكس تەسىر كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا بۇ كۈچ:

$$d\vec{F}_n=N_2eE_t+N_2\vec{f}_{nt}=-N_2e\vec{v}\times\vec{B}=I_nd\vec{l}\times\vec{B}$$

بولىدۇ. بۇ يەردىكى $d\vec{F}_n$ ئېلېكترون توك ئېقىمى $I_n$ گە نىسبەتەن ئامپېر كۈچىنىڭمۇ تۆھپىسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان كۈچتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، $p$ تىپلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ $dl$ بۆلەك ئېلېمېنتى ئۇچرىغان ئومۇمىي كۈچ:

$$d\vec{F}=d\vec{F}_p+d\vec{F}_n=I_pd\vec{l}\times\vec{B}+I_nd\vec{l}\times\vec{B}=(I_p+I_n)d\vec{l}\times\vec{B}=Id\vec{l}\times\vec{B}$$

بولۇپ، بۇ نەتىجە تەجرىبىدە ئېرىشكەن نەتىجىلەر بىلەن تامامەن ماس كېلىدۇ.

يۇقىرىقىغا سېلىشتۇرۇپ، $N$ تىپلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ بىلەن ساپ يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەرگە نىسبەتەن كونكرېت ئانالىز يۈرگۈزۈش جەريانىدا، پەقەت $P$ تىپلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىش ئۇسۇلىنى قايتا تەكرارلاپ قويسىلا كۇپايە.

يۇقىرىقىلاردىن بىز كىرىستال پەنجىرىدىن ئوڭ ئىئونلار ئۇچرىغان كۈچنىڭ مىكرولۇق ئىزاھاتى ئارقىلىق «كونا» مىكرولۇق ئىزاھاتنىڭ قۇتۇلۇشقا مۇمكىن بولمىغان قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تەجرىبىدە ئېرىشكەن ئامپېر كۈچى فورمۇلاسى بىلەن پۈتۈنلەي ماس كەلگەن نەتىجىلەرنىڭ مەنتىقىدارلىق ئاساستا كەلتۈرۈپ چىقىرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىزنىڭ مۇزاكىرە ئۇسۇلىمىز پۈتۈنلەي ئىندۇكسىيىلىك خاراكتېردە بولمىغان بولسىمۇ، بىراق كىرىستاللارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىپ كۆز ئالدىمىزدا «تۈز» ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنلىكىگە قارايدىغان بولساق، يېڭى مىكرو مېخانىزم ئۇقۇمىنىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ھەر قانداق بىر چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان كىلاسسىك چۈشەنچىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى چۈشەنچىلەرنىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

## III كېڭەيتىلگەن فىزىكىلىق شەرت ئاستىدا يېڭى مىكرو مېخانىزم كۆز قارىشىغا نەزەر

مەيلى ئامپېر كۈچىنىڭ مىقدارىنى ئېنىقلاش ئىپادىسى بولسۇن ياكى مەلۇم بىر خىل مېخانىزم ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىشى ۋە دەلىللىنىشى قىلىنىشى بولسۇن، بىز يەنىلا تەجرىبە دەلىللىگەن كۈچلۈك تەكشۈرۈپ تۇرىمىز. تەجرىبە بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ئىسپاتلانغان كىلاسسىك فورمۇلالار ھەمدە ئىزاھاتلار بىلەن زىت مۇناسىۋەتلىك ياكى مۇناسىۋەتسىز ئىككى نەتىجىگە دىققەت-ئېتىبار بېرىشنى قارىتىمىز. چۈنكى تەجرىبە بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىنغاندا، ناھايىتى تەبىئىي ھالدا پۈتۈن جەريانلارنىڭ بىر قاتار شەرتلىرى بىلەن ھادىسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئۇقالايمىز. ئۆتكۈزگۈچ ياكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچتىن توك ئۆتۈۋاتىدۇ دەپ قارىساق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسسىقلىق ھەرىكەت كۈچىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جىسىمنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەيدۇ. بۇ خىل ئىسسىقلىق ھەرىكىتىنى مىكرو مېخانىزم ئىزاھلىرىدا شەرت دەپ قارىمايكەلدۇق. نۆۋەتتە توك ئىئونلار ئۆچۈرىدىغان كۈچىنىڭ ئومۇمىي ئېففېكتىنى ئاساسەن يېڭى مىكرولۇق ئىزاھات يۇقىرىقى شەرتنى ساقلاپ قالغان شەرت ئاستىدا قۇرۇلامدۇ قۇرۇلمامدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە يۈرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ باقايلى.


ئېلېكترونلار ئۆچۈرىدىغان كۈچىنىڭ ماكروسكوپىك نەتىجىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ قارىغان كونا مىكرو مېخانىزم ئىزاھاتىدا، بەزى كىشىلەر كىلاسسىك نۇقتىدىن چىقىپ، ئىسسىقلىق ھەرىكەت لورېنتس كۈچىنىڭ ئېلېكترونغا نىسبەتەن تەسىرىدىن بولىدۇ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇلار: ئېلېكترونلارنىڭ ئىسسىقلىق ھەرىكىتى تەرتىپسىز قالايمىقان بولغانلىقتىن، ئىسسىقلىق ھەرىكەت تېزلىكىنىڭ ھەر قايسى يۆنىلىشلەرگە يۈزلىنىش ئېھتىماللىقى ئۆز ئارا تەڭ بولىدۇ. ئۇلار ئىسسىقلىقنى كىرىستال پەنجىرىلەرگە ئۆز ئىچىدە بەرگەندىن كېيىن ئۈستى-ئۈستىگە قوشۇپ چىقساق ئومۇمىي ئۈنۈمى نۆل بولىدۇ، شۇڭا ماكروسكوپىك ئامپېر كۈچىگە نىسبەتەن ئېلېكترونلارنىڭ ئىسسىقلىق ھەرىكىتىنىڭ تۆھپىسى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. يېڭى ئامپېر كۈچى مىكرو مېخانىزم نەزەرىيەسىنىڭ ئىزاھاتى كىرىستال پەنجىرىلەردىكى ئوڭ ئىئونلار ئۆچۈرگەن كۈچنى مۇھىم نۇقتا دەپ قارىغاندىكەن، ئۇنداقتا ئوڭ ئىئونلارنىڭ ئىسسىقلىق ھەرىكەت مەسىلىسى قانداق بولىدۇ؟ بۇ خىل ئىسسىقلىق ھەرىكەت ئامپېر كۈچىگە نىسبەتەن يەنە قانداق تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ؟

تېمپېراتۇرا نىسبەتەن تۆۋەنرەك بولغان ئەھۋال ئاستىدا، كىرىستال پەنجىرىلەردىكى ئوڭ ئىئونلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇق ئورنى ئەتراپىدا تەۋرىنىش ھەرىكىتى قىلىدۇ. بىراق تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بەزى كىرىستال پەنجىرىلەردىكى ئوڭ ئىئونلار يېتەرلىك ئېنېرگىيىگە ئىگە بولۇپ، تەڭپۇڭلۇق ئورنىدىن ئايرىلىپ تېرموكەمتۈكلۈك ھادىسىسىنى پەيدا قىلىدۇ. تېرموكەمتۈكلۈكنىڭ بارلىققا كېلىشى، بىۋاسىتە مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلىشىشىنى ئېلىپ كېلىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا توك ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈزگۈچكە يەنە بىر يېڭى زەررىچە — ھەقى-

www.uyghurkitap.com

قېمى ئۇلۇك ئىئون (بوش پەللىلەرگە ئوخشىمايدىغان) قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تەبىئىي ھالدىلا يېڭى مېخانىزم ئۇقۇمىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەرگە باغلىنىپ قالىدۇ. بىراق تۆۋەندىكى مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق بۇخىل ھادىسىنىڭ پەيدا قىلىدىغان سانلىق چامىسى تولىمۇ كىچىك بولغانلىقتىن ئۇنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي ھېسابقا ئالمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تېرومو كەمتۈكلۈك مېخانىزمى بولسا يوچۇقنى توشقۇزۇپ تۇرغان زەررىچىلەر بىلەن بوش پەللىلەردىن شەكىللەنگەن بولىدۇ (تۆۋەندىكى گىراپىكتا ئۇنىڭ شەكىللىنىش قۇرۇلمىسى كۆرسىتىلدى).




① يوچۇقنى توشقۇزۇش ② بوش پەللىلەرنىڭ شەكىللىنىشى

① رەسىمدە α ۋە β دىن ئىبارەت ئىككى زەررىچە يوچۇقنى توشقۇزۇش شەكلى بىلەن $b$ ئورۇنغا يۆتكىلىدۇ.

② رەسىمدە سان 1، 2، 3، 4، 5 لارنى قويۇپ ئىپادىلىگەن زەررىچىلەر ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە سەكرەپ ھەرىكەتلىنىدۇ. $1^1$، $2^1$، $3^1$، $4^1$، $5^1$ لەر پەقەت بىر بوش پەللە شەكىللەنگەن چاغدا، زەررىچىلەرنىڭ سەكرەپ ھەرىكەت قىلىش تەرتىپىنى ئىپادىلەيدۇ. رازمېرى كىچىكرەك بولغان زەررىچىلەرگە نىسبەتەن، يوچۇقنى توشقۇزۇش شەكلى بىلەن كىرىستاللىنىڭ مەلۇم بىر ئورنىدىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەلدى دېيىشكە بولىدۇ، بىراق ئۇ رازمېرى نىسبەتەن چوڭراق زەررىچە بولۇپ قالسا ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئەتراپىدا بوش پەللە پەيدا بولغاندىن كېيىن ئاندىن شۇ ئورۇنلارغا سەكرەيدۇ. ئەتراپىدا يەنە تاكى يېڭىدىن بوش پەللە پەيدا بولغاندىن كېيىن ئاندىن سەكرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مانا مۇشۇ تەرتىپ بويىچە يېڭىدىن يوچۇقنى توشقۇزۇش ئارقىلىق يېڭىدىن بوش پەللە پەيدا بولىدۇ. باشقا ئۇلۇك ئىئونلارنىڭ بۇ يېڭى يوچۇقنى تولدۇرۇپ تۇرۇشى بوش پەللىلەرنىڭ سىلجىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بوش پەللىلەر بىلەن يوچۇقنى توشقۇزۇپ تۇرغان زەررىچىلەردىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل كىرىستاللىنىڭ تېرموكەم-

تۈكلۈك شەكلىنى كىرىستاللاردىكى ھەرقانداق ئورۇندا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە نەزەرىيىسى بويىچە ھېسابلاشلار ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجىلەردىن شۇنى بىلىمىزكى، بەلگىلىك تېمپېراتۇرا ئاستىدا، تېرمو كەمتۈكلۈكنىڭ سانىنى تۆۋەندىكى ئىككى فورمۇلا ئارقىلىق مىقدارلىق ئاساستا ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ:

$n'' = Ne^{-\frac{u''}{KT}}$ بوش پەللىنى توشقازغان ئاتوملار سانى، $n' = Ne^{-\frac{n'}{KT}}$ بوش پەللە سانى

بۇنىڭدىكى $N$ كىرىستال تۈگۈنىدىكى تەكچىلىرىدىكى تۈگۈن نۇقتىسىغا جايلاشقان ئوخشاش ئاتوملارنىڭ ئومۇمىي سانىنى؛ $u'$ كىرىستال تۈگۈن نۇقتىلىرىدىكى ئىسسىق تەۋرىنىش يۈزىگە قاراپ يۆتكىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيىنى؛ $u''$ بولسا ئاتوملارنىڭ ئىسسىق تەۋرىنىش يۈزىدىن ئارىلىقتىكى بوش پەللىگە يۆتكىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيىنى؛ $T$ بولسا تېمپېراتۇرىنى ئىپادىلەيدۇ.

فورمۇلا ئورنىغا قويۇپ ھېسابلاشلاردىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى: $T = 1000K$ بولغاندا كىرىستاللاردىكى تېرمو كەمتۈكلۈكنىڭ ئومۇمىي سانى $n$ ( $n = n' + n''$ ) بىلەن پۈتۈن كىرىستال پەنجىرىلىرىدىكى ئوخشاش ئاتوملار سانى $N$ نىڭ نىسبىتى $10^{5} \sim 10^{-4}$ سانلىق قىممەت دائىرىسىدە بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، تېرمو كەمتۈكلۈك سانى نورمال ھالەتتىكى زەررىچىلەرنىڭ سانىدىن خېلى كۆپ كىچىك بولۇپ، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرا ئاستىدا ئۇنىڭ ئاپىر كۆچۈشكە نىسبەتەن تەسىرىنى ئېتىبارسىز دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تېرمو كەمتۈكلۈكنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئوخشاش ئاتوملار ئۈچرىغان كۆچۈش ھەركەت قىلىپ ئاپىر كۆچۈشنىڭ مېخانىزمىنى ئىزاھلىغاندىمۇ نەتىجە يەنىلا توغرا بولىدۇ.

**ماقالىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەھەت ئەمەت**

**ماقالىنىڭ تەرجىمە مۇھەررىرى: مەمەت ساتتار**

( بېشى 108 ـ بەتتە )

ئىدېئال گازلارنىڭ ھالەت تەڭلىمىسىنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم:

$$PV = \frac{W}{M} RT$$

بۇنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتسەك:

$$M = \frac{WRT}{PV}$$

بۇ فورمۇلادىكى گازنىڭ ماسسىسى $W$، بېسىمى $P$، تېمپېراتۇرىسى $T$ $(273+t)$ ۋە ھەجىمى $V$ نى ئۆلچەپ چىققاندىن كېيىن، فورمۇلا ئورنىغا قويۇپ، نامەلۇم گازنىڭ مولېكۇلا ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەھمەت يۈسۈپ)

[illegible]

[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

[illegible]

# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## 喀什师范学院学报


قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1014/Z

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58—114

باھاسى: 60 تىيىن


AltunOq